# قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

(بەشىنچى توپلام)



ڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات
كومىتېتى تۈزدى

庆贺党的七十
诞辰、继承和发扬
党的优良传统！

苗安旺
一九九一年
七月一日

شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى مىياۋ ئەنۋاڭنىڭ بېغىشلىمىسى:

پارتىيە دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ،
پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلايلى!

1991 - يىل 1 - ئىيۇل

# قەشقەر شەھىرى تارىخي ماتېرىياللىرى

جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

## بەشىنچى توپلام

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابدۇرىشىت ھاجى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شە -
ھەرلىك كومىتېتى تارىخي ماتېرىياللار تەتقىقات
كومىتېتى تۈزدى

1991 - يىل 7 - ئاي

## قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى ئەزالىرى

جاڭ بىن ، سۇ رۇڭچۈن ، شىيا ۋېيرۇڭ ، ۋاڭ شىياڭ ، ئابدۇرېشىت ھاجى ، قەمەرجان ، مىرزاھىت كېرىم ، تۇرغۇن ھېلىم ، ئاتىكە زەمىر ، ئابلىمىت ئىسمائىل ، مەمتىلى زىكرىيا ، مەخەت تۇردى ، ھامۇت سابىر ، ئىبراھىم ئىمىن .

## تارىخىي ماتېرىياللار ئۇيغۇرچە توپلامنىڭ تەھرىرلەش گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىسىملىكى

**گۇرۇپپا باشلىقى :** نۇرمۇھەممەت ھوشۇر ( شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسى ، قوشۇمچە )

**ئەزالىرى :** ئابدۇرېشىت ھاجى ، قەمەرجان ، مەمتىلى زىكرىيا ، ئىبراھىم ئىمىن ، مىرزاھىت كېرىم ، تۇرغۇن ھېلىم .

# مۇندەرىجە


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرى-
نىڭ قەشقەر رايونىدا قۇرۇلۇشى ۋە ئىپتىدائىي
تەرەققىياتى ............ جاڭ يۈەنشىڭ 1

جۇڭگو كومپارتىيە تەشكىلىنىڭ قەشقەر شەھ-
رىدىكى ئىپتىدائىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ......ۋېيىۇڭشىڭ 22

قەشقەر شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئۆز-
گىرىش ئەھۋالى ............ ئەكبەر مۇھەممەتئىمىن 37

قەشقەرنىڭ قەدىمكى ۋە هازىرقى زامان مەدە-
نىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىدىن قىسقىچە بايان
...... ئابدۇرىشىت هاجى، ئەكبەر مۇھەممەتئىمىن 49

30 - يىللاردا قەشقەر جەمئىيىتىدە كۆرگەن-ئاڭ-
لىغانلىرىم ھەققىدىكى ئەسلىمىلەردىن پارچە
............ ئابدىرېھىم رازى 63

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەر تامۇژنىسى
............ شۋەنجۇنرۇڭ 72

قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان تارىخى-
دىكى چوڭ ئىشلار ............ ۋاڭ شىياڭ رەتلىگەن 80

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قەشقەر رايونىدا قۇرۇلۇشى ۋە ئىپتىدائىي تەرەققىياتى☆

## جاڭ يۈەنشىڭ

1950- يىلى 1- ئاينىڭ 3- كۈنى قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ 1- نومۇرلۇق ئېلانى چىقىرىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي، سىياسىي كومىسسارى شى جۇڭشۈن، مۇئاۋىن قوماندانى جاڭ زۇڭسۈن، مۇئاۋىن كومىسسار قوشۇمچە مۇدىر گەن سىچىلارنىڭ تېلېگراممىسى بۇيرۇقىغا بىنائەن، «قەشقەرنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىشپىيون ـ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى باستۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، سىستېمىلىق ئىشلەپ تېزلىكتە ئىنقىلابىي تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن، قەشقەردە ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ، قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇش قارار قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش مەركىزىدە ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، پۈتـ

☆ بۇ كىتابقا قىسقارتىپ ئېلىندى.

كۆل قەشقەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغانلىقى» نى جاكارلىدى. قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ جۇرىنلىقىغا ۋاڭ ئېنماۋ، مۇئاۋىن جۇرىنلىقىغا ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ۋە مەمتىمىن ئىمىنوفلار تەيىنلەندى. قەشقەرنىڭ مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى 2- جۇننىڭ 4- دىۋىزىيىسى ئۈستىگە ئالدى؛ 2- جۇننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ شيۇسەن مۇھاپىزەت شتابى قوماندانى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

1950- يىلى 1- ئاينىڭ 29- كۈنى، غەربىي شىمال ھەربىي رايونى يەتكۈزگەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تېلېگرامما بۇيرۇقىدا قەشقەردە ھەربىي رايون قۇرۇلىدىغانلىقى، بۇنى 2- جۇننىڭ جۇن شتابى قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى قارار قىلىندى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەر ھەربىي رايونى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە رەسمىي قۇرۇلدى (قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدىن قالدى). 1951- يىلى 10- ئايدا، قەشقەر ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى، قەشقەر ھەربىي رايونى زور تۈركۈمدە كادىر ئاجرىتىپ، ھەربىي ۋەكىل ئەۋەتىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ كونا ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، 2- جۇن پارتكومىنى ئاساس قىلىپ قەشقەر رايونلۇق (جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق) پارتكوم قۇرۇلدى؛ 2- جۇن 4- دىۋىزىيە پارتكومىنى ئاساس قىلىپ قەشقەر يەرلىك پارتكوم قۇرۇلدى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 ـ دىۋىزىيە پارتكومىنى ئاساس قىلىپ يەكەن يەرلىك پارتكوم قۇرۇلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەر رايونىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرىدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ قارار قىلىشى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تەستىقلىشى بىلەن، ج ك پ قەشقەر رايونلۇق كومىتېتى 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى، رايونلۇق پارتكوم ئورگىنى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىغا تەسىس قىلىندى (جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ئورگىنى بىلەن بىر يەردە). 1954 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈرۈلدى. ج ك پ قەشقەر رايونلۇق كومىتېتى 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، داۋاملىق ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، 2 ـ شۇجىسى زۇچى، 3 ـ شۇجىسى چىنگو، 4 ـ شۇجىسى مەتتىمىن ئىمىنوۋ بولدى.

ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئاستىدا قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن تۆت يەرلىك كومىتېت ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى (1954 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ) تەسىس قىلىندى.

ج ك پ قەشقەر يەرلىك كومىتېتى 1950 ـ يىلى 2 ـ

ئايدا قۇرۇلغان: زىك گۇاڭمىڭ (4 - دىۋىزىيىنىڭ سىيا-
سىي كومىسارى) قەشقەر يەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا،
فېڭدا (2 - جۇن خەلق ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى)
ۋۇ شۇجىلىققا تەيىنلەندى. قەشقەر يەرلىك
پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى 3-، 4- ئايغىچە
تەۋەلىكىدە كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات،
مارالبېشى، يوپۇرغا، تاشقورغان، ئاتۇش، ئۇلۇغچاتتىن
ئىبارەت توققۇز ناھىيىنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلاتى
1950 - يىلى 3-، 4- ئايلاردا ئىلگىرى - ئاخىر قۇرۇلۇپ
بولدى. ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنى قۇرۇش تەي-
يارلىقى 1952 - يىلى 5 - ئايدا باشلاپ، 10- ئايدا رەس-
مىي قۇرۇلدى (ئەمەلىيەتتە 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇل-
غانلىقى ئېلان قىلىنغان-تەھرىردىن)، ئۇمۇ قەشقەر يەر-
لىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. قەشقەر يەر-
لىك پارتكوم ئورگىنى قەشقەر شەھىرىدە تۇردى (قەشقەر
شەھىرى كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ قۇرۇلغان، ئەس-
لى كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قەش-
قەر شەھەر رايونىدا تەسىس قىلىنغانىدى. 1953- يىلى تو-
قۇزاق بازىرىغا يۆتكەلگەن). 1954 - يىلى 6- ئايدا جە-
نۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، خىزمەت
ئورگانلىرىنىڭ قاتلىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم قەشقەر يەرلىك پارتكوم ۋە
قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار
قىلدى. قەشقەر يەرلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاتۇش، ئۇلۇغچات ئىك-
كى ناھىيە، يېڭىدىن قۇرۇلغان ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز

ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بې-
رىلدى. قالغان يەتتە ناھىيە بىر شەھەر جەنۇبىي شىن-
جاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە قالدۇ-
رۇلدى. رىن ياڭسەن، جۇباۋجىيې، جاڭ ۋېي، لېچۇنفاڭ، فەنسى-
رىن، ليۇخەيىيەن، مارۇيسەن ۋە دۇڭچۈەنلىن قاتارلىقلار ئاي-
رىم- ئايرىم ھالدا يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا، يې-
ڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى، تاشقورغان يەتتە ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ تۇنجى شۇجى-
لىقىغا تەيىنلەندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيې-
نى يولغا قويۇش ئۈچۈن، 1954- يىلى 9- ئايدا تاشقور-
غان ناھىيىلىك پارتكوم جكپ تاشقورغان تاجىك ئاپتو-
نوم ناھىيىلىك كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەمنىيىتى قالايمىقان، ئەنسىز، خەلق تۇرمۇشى
نامرات، مىللىي دۈشمەن مەسىلىلەر مۇرەككەپ، ھەممە ۋەي-
رانچىلىقلار ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.
خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك
ئۆزگەرتىش ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر يەرلىك پارتكوم، يە-
كەن يەرلىك پارتكوملار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكى-
لاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدىگەن ئاساستا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن تۈرلۈك فاڭ-
جېن- سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇردى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-
دىن تارتىپ 1952- يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، قەشقەر رايونىدا كومىن-

ئاچىنىڭ يۈز بېشى، ئون بېشلىق تۈزۈملىرىنى بىكار قىلىش،
يېزا باشلىقى، كەنت باشلىقلىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا
سايلاپ، شەھەر ـ يېزا ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيەتلى-
رىنى قۇرۇپ چىقىش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئې-
زىشى ۋە قۇل قىلىنىشىغا ئۇچراش تارىخىغا خاتىمە بەر-
دى؛ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىجارىنى كېمەيتىپ، زومىگەر-
لەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھ-
قانلار كۆرەشنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىگە ئېرىشتى. تۇرمۇشى يەل-
گىلىك ياخشىلىنىپ، سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى ئۆستى؛ شۇنىڭ
بىلەن تەڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە ئامېرى-
كىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قا-
نات يايدۇرۇلۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قالدۇق كۈچلەر تازى-
لىنىپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى.
1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ
رايونىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ،
قويۇق يانچىلىق تۈسىنى ئالغان فېئوداللىق يەر ئىگىدار-
چىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، مىليونلىغان دېھقانلار قەد-
دىنىنى كۆتەردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجى-
دە ئازاد قىلىندى. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە
ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ۋە
يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا،
«ئۈچكە قارشى» (كادىرلار قوشۇنىدىكى خىيانەتچىلىك،
ئىسراپچىلىق، بيۇروكراتىزمنىڭ
زىيىنىنى)، «بەشكە قارشى» (بۇرژۇئازىيىنىڭ
پارا بېرىش، باج ئوغۇرلاش، دۆلەت مۈلكىنى ئوغۇرلاش،

ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ مائىمرىيال ئوغۇرلاش، دۆ-
لەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغۇرلاش) ھەرىكىتى
قانات يايدۇرۇلدى. «3 كە قارشى تۇرۇش»، «5 كە قارشى
تۇرۇش» ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيـ-
تىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ،
مالىيە - ئىقتىساد ئەھۋالىنى ياخشىلاش، مال باھاسىنى
مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە
راۋاجلاندۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. تۈرلۈك سىياسىي ھە-
رىكەت ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەر-
يانىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق
ھۆكۈمەتلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سى-
ياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى،
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت كادىرلىرىمۇ ئازسان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ئىنتايىن دىققەت قىل-
دى. خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئازسانلىق مىللەت كادىر-
لىرى ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئا-
كا - ئۇكىدەك يېقىن ئۆتتى. پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت
ۋە خىزمەتلىرى خەلقنىڭ رايىغا بەك يېقىپ، ھەر مىللەت
خەلقى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى تىكلەن-
دى. بۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلى-
نىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.
كونىشەھەر ناھىيە پاختەكلە يېزىسى يەر ئىسلاھاتى سىناق
خىزمىتىنى غەلىبىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، بارلىق دېھ-
قانلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭ جۇشىغا
خەت يېزىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزگەنىدى. 1952-يىلى 8-

ئاينىڭ 30 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ جۇشى ئۇلارغا جاۋاب خەت يازدى. جاۋاب خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بۇ يىل 3 - ئايدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ماڭا خەت يازغانلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇڭلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش شوئارى ئاستىدا، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلىشىڭلارنى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا، مەدەنىيەت سەۋىيەڭلارنى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» ماۋزېدۇڭ جۇشىنىڭ بۇ خېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا غايەت زور ئىلھام بەردى.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە بۇ رايوندا پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئاكتىپ ۋە ئېھتىياتچان بولۇش» دىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇش فاڭجېنى ۋە بىر تەرەپتىن مۇستەھكەملەپ، بىر تەرەپتىن تەرەققىي قىلدۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرگە بىرىكتۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا تەدرىجىي ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: 1950 - يىلدىن 1951 - يىل ئالدىنقى يېرىم يىلغىچە، يەنى پۈتۈن مەملىكەتلىك بىرىنچى قېتىملىق تەشكىلات خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ

ئىزچىللاشتۇرۇش ئەرپىسىغىچە بولغان ۋاقىت. نىاھىيىدىن يۇقىرى ئورگانلاردا پارتىيە قۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي ئوبيېكتلار ئاساسەن «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ كۈرەشلەردە چېنىققان ۋە يەر ئاستى خىزمىتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى ئاكتىپلار ئىدى. مەسىلەن: يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبەرى ۋە مۇئاۋىن ۋالىيسى مۇساپولار 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، يەكەن يەرلىك پارتكومىدىكى رەھبەرلىك يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولغان، كېيىن يەكەن يەرلىك پارتكوم ھەيئەتلىكىگە تولۇقلاپ سايلانغان. بۇ باسقۇچتا، بىر قىسىم ناھىيىلەر ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش، ئىجارىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ھەمدەنا ـ ھىيە، رايونلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئال ـ غان ئاز بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاكتىپلىرىنى پار ـ تىيىگە قوبۇل قىلدى. مەسىلەن: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسى 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەستىق ـ لىشى ئارقىلىق، ئازسانلىق مىللەتتىن ئىمىن تۆمۈر (سەمەن رايونىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق ئون كىشىنى بىرىنچى تۈر ـ كۈمدە پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇردى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم قىسىملاردىن 1000 دىن ئارتۇق پارتىيىلىك كادىرلارنى ئاجرىتىپ يېزى ـ لاردىكى رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوملارنىڭ رەھـ

لار ئاساسەن يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا ئۇرغۇپ چىققان مۇنەۋۋەر دېھقانلار ۋە يېزا-كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ باسقۇچتا، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يېڭى پارتىيە ئەزاسى 2200دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر 2100 نەپەر؛ يېزا-قىشلاقلاردا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزاسى 1500 دىن ئارتۇق؛ قۇرۇلغان يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرى 246؛ رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگان، كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى قوبۇل قىلغان يېڭى پارتىيە ئەزالىرى 600 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يېڭى پارتىيە ئەزاسى 700 نەپەردىن ئارتۇق؛ قۇرۇلغان پارتىيە ياچېيكىسى 72؛ يەكەن ۋىلايىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يېڭى پارتىيە ئەزاسى 300دىن ئارتۇق بولۇپ، قۇرۇلغان يېزا پارتىيە ياچېيكىسى 38؛ شۇنىڭ بىلەن يېزا-كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر يەرلىك پارتكوم، يەكەن يەرلىك پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنگە ئاساسەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت

بەرلىك ئورگانلىرىنى تولۇق قىلدى. قىسىملاردىن كەشىپ ئالماشتۇرغان ۋە مەركەزدىن، غەربىي شىمال رايونىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بۇ كادىرلار، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تايانچى كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. بۇ باسقۇچتا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيە بويىچە بىر قېتىملىق ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى، رايون، ناھىيەدىن يۇقىرى ئورگانلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا پارتىيە ئىنتىزامىنى ئاساسىدا بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سەككىز شەرتى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ مەجبۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئىش كۆرۈش، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق ئىستىلى تەرتىپكە سېلىنىپ، كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش خىسلىتى ساقلاپ قېلىندى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ساغلاملاشتۇرۇلدى. ئىستىل تۈزىتىش ئاساسىدا يەنە بىر تۈركۈم يېڭى پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يېزا-كەنتلەردە پارتىيە قۇرۇش سىناق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدىن بىر تۈركۈم يېڭى پارتىيە ئەزالىرى قوبۇل قىلىندى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1952-يىلى 9-ئايدىن 1953-يىلى 9-ئايغىچە. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ۋە شەھەر مەھەللىلەردە، ئىدارە ئورگانلاردا، مەكتەپ، يېزا، زاۋۇت-كانكارخانىلاردا پارتىيە قۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلار ئوبيېكتـ

رەھبەرلىك قىلالايدۇ» دېگەن ماقالىسىغا ئىلاۋە يېزىپ، كەڭ ئۇيغۇر كادىرلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش ئاكتىپلىقىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ، ئازسانلىق مىللەتلەرگە سەل قارايدىغان بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرگە رەددىيە بەردى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەردەرىجىلىك پارتكوملار ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ كاپىتالىستىك سودا - سانائەت ۋە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبە بولۇپ، يېڭى دېموكراتىيىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىددى. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش ــ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1 - بەش يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا بىۋاسىتە قارايدىغان ۋە يەكەن ۋىلايىتىگە تەۋە 12 ناھىيە، شەھەرنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1956 - يىلى 160 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 77% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئاكتىپ، ئېھتىياتچان بولۇش» دېگەن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇش فاڭجېنى ۋە «كوپېراتىپلا بولىدىكەن پارتىيە تەشكىلى بولۇشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئەسلىدە بار بولغان پارتىيە

خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش ئاساسىدا، ئاكتىپ ۋە پۇختا قەدەم بىلەن كەڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1953 - يىلى 12 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كوپېراتسىيەلەشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» غا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونىدا «ئاۋانگارت» ۋە «نۇرلۇق» ئىككى كوپېراتسىيىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. 1954 - يىلى، قەشقەر، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىلىرى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتسىيىلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. 1955 - يىلى ماۋجۇشىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتى ۋە پارتىيىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى، 1956 - يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا، سابىق قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن ۋىلايىتىگە تەۋە رايونلاردىكى 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىلىرى باشلانغۇچ كوپېراتسىيىگە كىرىپ بولدى. 1956 - يىلى ماۋزېدۇڭ جۇشى يەنە ئۆزى شەخسەن كونىشەھەر ناھىيە سەمەن يېزىسىنىڭ «يېزا كادىرلىرى كوپېراتسىيە قۇرۇشتا

بىلەن ئىشلىتىش» فاكچىيىدىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى. 1956 يىلى يىل ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتى (سابىق يەكەن ۋىلايىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بويىچە كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 18 مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 75 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

1955- يىلى 10- ئايدا، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغانلىقى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېزلىكتە راۋاجلىنىۋاتقانلىقى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شۇنىڭدەك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇپ بولغانلىقى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ قاتلىمىنى ئازايتىش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بولغان بىۋاستە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 1956- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە يەكەن دىۋىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا بىۋاستە قاراشلىق سەككىز ناھىيە-شەھەر ۋە سابىق يەكەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق توت ناھىيىدىن قەشقەر ۋىلايىتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ج ك پ قەشقەر يەرلىك كومىتېتى 1956- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. قەشقەر يەرلىك كومىتېتىنىڭ ئاستىدا يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى، پەيزاۋات، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت،

تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش بىلەن پارتىيە قۇرۇش ھامان ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى. 1954 - يىلى، پارتىيىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1 - قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇستەھكەملەندى. 1956 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە (سابىق يەكەن ۋىلايىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قۇرۇلغان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى 960 قا يېتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى 2500 نەچچىدىن راۋاجلىنىپ 15 مىڭدىن ئارتۇققا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، تاجىك، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 91 پىرسەنتنى تەشكىل قىلاتتى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ: «مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى تامامەن يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قاراتقان «ئاكتىپ يېتىشتۈرۈش، يۈرەكلىك ھالدا ئۆستۈرۈش، دادىللىق

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانـ
دى، قول سانائەتى ۋە كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە بولـ
غان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلىنىپ بولدى. شۇـ
نىڭ بىلەن بىر چاغدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1ـ بەش يىللىق
پىلانىدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىمۇ ئورۇنلىنىپ بولدى.

بۇ 10 يىلدا، قەشقەر رايونىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە
ئوخشاش بىر ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى باشـ
تىن كەچۈردى. 1957ـ يىلى سىياسىي جەھەتتە ئوڭچىللىققا
قارشى تۈرۈش كۈرىشى جەريانىدىكى ئېغىر كېڭەيتىۋېتىش
خاتالىقى يۈز بەردى، لېكىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تەسىر
كۆرسىتەلمىگەنىدى. 1958 - يىلى ياز، كۈزدە «تولۇق
غەيرەتكە كېلىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تەـ
جەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش» باش لۇشيەنى تەشـ
ۋىق قىلىندى؛ ئارقىدىنلا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
1958ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنىدىكى «يېزا - قىشلاقلاردا
خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ئىزچىللاشـ
تۇرۇلدى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىـ
لەش» ۋە خەلق كوممۇنىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى قوزغىتىلىپ،
ئەسلىدىكى 90 رايون، 661 يېزا ئاساسىدا 660 خەلق
كوممۇنىسى قۇرۇلدى، كېيىن تەڭشەپ 133 خەلق كوممۇنىسىغا
كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ تەركىبىدە دادۈي ۋە ئىشلەپچىقىرىش
دۈيلىرى تەسىس قىلىنىندى. يېزىلاردىكى خەلق كوممۇنىلاشـ
تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە ئەـ
گىشىپ، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش»ـ
تىن ئىبارەت مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى ئىشـ
لەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىـ

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرى بولۇپ جەمئىي 12 ناھىيە، شەھەرلىك كومىتېت تەسىس قىلىندى ( بۇنىڭ ئىچىدە پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى 1977- يىلى 1- ئايدىن 1980- يىلى 7- ئايغىچە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن ئالماشتۇرۇلغانىدى ). يەرلىك پارتكوم ئورگىنى قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازاد يولىدىكى ھازىرقى ئورنىغا قويۇلدى. مېڭشۇلىن (سابىق يەكەن يەرلىك پارتكومىنىڭ 2- شۇجىسى ) قەشقەر يەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

1956- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » ئەرپىسىگىچە، ج ك پ قەشقەر يەرلىك كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ج ك پ 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئورۇنلىدى ھەمدە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قەدەم قويدى. 1956-، 1957- يىللىرى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىكى باشلانغۇچ كوپېراتسىيىدىن سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىكى ئالىي كوپېراتىپقا ئۆتۈشكە باشلىدى. 1957- يىلى ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە قۇرۇلغان ئالىي كوپېراتسىيە 2249 گە، كوپېراتسىيىگە كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 96.5 پىرسەنتكە يەتتى ھەمدە 77 چارۋىچىلىق كوپېراتسىيىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە بولغان

ئۈچ دەرىجىلىك مۇلۈكچىلىك بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش
دۈيلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىش يولىغا قو-
يۇلۇپ، «بىر نەچچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» تىن
ئىبارەت «مۇلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈزى-
تىلدى؛ كەڭ كۆلەملىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئۆز-
گەرتىش، يەرلەرنى كۆيخۇالاش، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇ-
لۇشى ۋە دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش ھەرىكەتلىرى
قانات يايدۇرۇلۇپ، پەيدىنپەي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.
سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە ئەس-
لىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مائارىپ، پەن،
مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. كەڭ كا-
دىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ-
زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ «لېي فېڭدىن ئۆگى-
نىش» دىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي پەزىلەتنى
تۇرغۇزدى. 1960 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە، خاتا ئايرىلىپ
قالغان ئوڭچى ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ زور
كۆپ سانلىقىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. 1963 - يىل كې-
يىنكى يېرىم يىلدىن 1966 - يىل ئالدىنقى يېرىم يىلغىچە
ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى («تۆت
ئېنىقلاش» ھەرىكىتى) كادىرلار ئىستىلى ۋە ئىقتىسادنى
باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا نىس-
بەتەن بەلگىلىك رول ئوينىدى. بۇ ھەرىكەت گەرچە «سى-
نىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» نەزەرىيىسى ۋە «سولچىل»
ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ
لېكىن ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا كۆپ سانلىق بىلەن
ئىتتىپاق قىلىشىپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىشقا ئەھ-

غەيچىلىك شامىلى كېلىپ چىقتى. يۇقىرى كۆرسەتكۈچ بەل-
گىلەپ چىقىشتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈل-
دى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچ-
رىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا بەزى قىيىنچىلىقلار يۈز
بەردى.

1958 – يىلدىن 1960 – يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا
ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىق دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش
يولىدىكى ئىزدىنىشتە يۈز بەرگەن سەۋەنلىكتۇر. قەشقەر
ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە يۈكسەك سوتسىيا-
لىستىك ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاسارىتىنى
ئۇرغۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا يەنىلا ئاز بولمى-
غان يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋىلايەت ۋە ھەر
قايسى ناھىيىلەردە بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلار قۇ-
رۇلۇپ، مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

1961 – يىلدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى سەۋەنلىكىنى تۈزىتىپ،
كەڭ تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسلۇبىنى ئەۋج
ئالدۇرۇشقا ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ «تەڭشەش، مۇس-
تەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت
سۆزلۈك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «چوڭ سەكرەپ
ئىلگىرىلەش» ۋە «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» تىكى سە-
ۋەنلىكلەرنى تۈزەتتى، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت تىياۋ-
لىنى (يەنى 60 ماددا) نى تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇ-
لۇپ، گۇڭشې، داديۈي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن ئىبارەت

غۇرلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئە-زالىرى 89 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

بۇ ئون يىلدا پارتىيە ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر ئۈچ قېتىم ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى. 1957 -، 1958 - يىللىرى «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» نىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى. 1959 -، 1960 - يىللىرى ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرىكتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، يېزىلاردا بولسا كوپېراتسىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى؛ 1963 -، 1964 - يىللىرى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىرىكتۈرۈپ يەنە بىر نۆۋەت ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر قانچە قېتىملىق ئىستىل تۈزىتىشلەرنىڭ ھەممىسىدە «سولچىل» ئىدىيە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. ج ك پ قەشقەر يەرلىك كومىتېتى پارتىيە ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى تەربىيىلىدى. 1962 - يىلدىن باشلاپ، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

**(ھېكىم ئىدرىس تەرجىمىسى، ئابدۇرېشىت ھاجى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن)**

مىيەت بېرىلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغان - قىلدۇرمىغانلىقى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلىندى. 1966 - يىلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 300 مىليون يۈەندىن ئارتىپ، 1956 - يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، 1949 - يىلىدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. قىسقىسى، قەشقەر رايونىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ئون يىل جەريانىدا خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى مول تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە خەلق كۇمۇنىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا زور بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1961 — 1963 - يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرى بىر قەدەر ئاز بولدى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە يەنە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1965 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 3100 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تەرەققىي قىلىپ 40 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇي-

بازىرى ۋە شەھەرگە تۇتاش يۇرتلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، ئەمدىلا قۇرۇلۇپ پارتىيە تەشكىلىنى قۇرغانىدى. شەھەر رايونىدىكى ئورگانلار بىر ياچېيكا بولۇپ، پەقەت 14 نەپەر پارتىيە ئەزاسىلا بار ئىدى. ياچېيكا شۇجىلىقىنى شەھەر باشلىقى ئابدۇرېھىم لېتىپ قوشۇمچە ئۆتىگەنىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى 17 يېزىدا بىر ياچېيكا بولۇپ، 11 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى. شۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر بويىچە جەمئىي 25 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 22 نەپەر، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئۈچ نەپەر ئىدى؛ بۇلاردىن يەرلىك پارتكومىدىن يۆتكىلىپ كەلگىنى 13 نەپەر، قىسىمدىن ئالمىشىپ كەلگىنى سەككىز نەپەر، ئەسلى يېرى تۆت نەپەر ئىدى.

1952 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (جۇڭگو خەلق پىدائىيى قىسىملىرىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە چىققانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى) خەلق كۇلۇبىدا (ھازىرقى ھېيتگاھ كىنوتېياتىرخانىسى) قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپلا كونىشەھەر ناھىيە، يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتى ئىش باشلىدى. كونىشەھەر ناھىيىسى ناھىيە بازىرىدىن تۆت (راۋاق، ئىمەدەنىيەت، تەنتەربىيە، يېڭى رايون) رايون تەۋەلىرىنى؛ سەمەن رايونىنىڭ 1-، 2-، 3-، 11- يېزىلىرىنى، 12- يېزىسىنىڭ ئۈچ كەنتىنى، تۆتىنچى يېزىسىنىڭ

# جۇڭگو كومپارتىيە تەشكىلىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئىپتىدائىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

ۋېيىيۇڭشېڭ

## 1. پارتىيە تەشكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى

1952 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي كېڭىشى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ۋالىي مەھكىمىگە قاراشلىق غۇلجا، قەشقەر ئىككى شەھەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالدى بىلەن ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېت دۇڭ چۈەنلىن، ئابدۇرېھىم ئېيتىپلار (شەھەر باشلىقى)، مۇلىيەن (ئايال، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى)، دۇڭشى (بىرلىكسەپ بۆلۈم باشلىقى)، ھىسامىددىن (جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى. يولداش دۇڭ چۈەنلىن قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك شۇجىسى بولدى.

قەشقەر شەھىرى ئەسلىدىكى كونىشەھەر ناھىيە

17 - كۆنىگىچە 80 كۈن ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومى-
تېتى يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۈچ يېزىدا
(بىرىنچى رايوننىڭ 5 - يېزىسى، ئۈچىنچى رايوننىڭ
3 - يېزىسى، بەشىنچى رايوننىڭ 3 - يېزىسى) پارتىيە
قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرىنى نۇقتىلىق ئىشلىدى. بۇ قېتىملىق
پارتىيە قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۈچ يېزىدىن جەمئىي
20 نەپەر يېزا - كەنت كادىرى ۋە ئاكتىپلار پارتىيىگە
كىردى (بىرىنچى رايون بەشىنچى يېزىدىن توققۇز نەپەر،
ئۈچىنچى رايون ئۈچىنچى يېزىدىن بەش نەپەر، بەشىنچى
رايون ئۈچىنچى يېزىدىن ئالتە نەپەر) ئۈچ يېزىدا بىر پارتىيە
ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ ياچېيكىدا قاتتىق دوكلات قىلىش تۈ-
زۈمى ۋە پارتىيە ئىچكى تۇرمۇش تۈزۈمى بېكىتىلدى. بۇ
قېتىمقى پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەج-
رىبىگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى 17 يېزىدا پارتى-
يە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشقا مۇس-
تەھكەم ئاساس يارىتىلدى. 1953 - يىلى پۈتۈن شەھەردە
يېڭىدىن قۇرۇلغان پارتىيە ياچېيكىسى 10 بولۇپ، پارتىيە
ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ 103 كىشىگە يەتتى.

1954 - يىلى 4 - ئايدا ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك
كومىتېتى ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ 1 - نۆۋەتلىك
تەشكىلىي خىزمەت يىغىنى ۋە ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ را-
يونلۇق پارتكوم بىلەن قەشقەر يەرلىك پارتكومىنىڭ پار-
تىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاسا-
سەن «قەشقەر شەھىرىنىڭ 1954 - يىللىق پارتىيە قۇرۇلۇ-
شى خىزمەت پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، يېڭىدىن
68 نەپەر پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، يېڭىدىن

ئۆچ كەنتىنى (يوقىرىقى يورتلاردا جەمئىي 4215 ئائىلە، 16مىڭ114 نوپوس، 30مىڭ795 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى)؛ قوغان رايونىنىڭ 3-، 4-، 5-، 7-، 8- يېزىلىرىنى، 1- يېزىسىنىڭ 21 ئائىلىسى، 2- يېزىسىنىڭ 759 ئائىلىسى، 6- يېزىسىنىڭ 346 ئائىلىسى، 10- يېزىسىنىڭ 264 ئائىلىسى، 11- يېزىسىنىڭ 258 ئائىلىسى (يوقىرىقى يورتلاردا جەمئىي 6552 ئائىلە، 26مىڭ 964 نوپوس، 50مىڭ604 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى) ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېڭىشەھەر ناھىيىسى 1-رايون (بازار رايون) نىڭ 1-، 2-، 4-، 6-، 7-، 8- يېزىلىرىنى (تەۋەسىدە جەمئىي 2570 ئائىلە، 10مىڭ84 نوپوس، 24مىڭ932 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى) ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1953-يىلى 1- ئايدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش پۈتۈنلەي تۈگىدى. قەشقەر شەھىرى شەھەر - يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈپ قايتىدىن بەش رايون، 59 كوچا باشقارما، 17 يېزا قىلىپ تەشكىللىدى. قەشقەر شەھىرىگە جەمئىي 25مىڭ 356 ئائىلە، 97 مىڭ 160 ئادەم قارايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى بەش رايونغا رايكوم شۇجىلىرىنى سەپلىدى، بىرىنچى رايكومغا جاۋنيەنچىڭ، ئىككىنچى رايكومغا سۇن تيەنچۈەن، ئۈچىنچى رايكومغا ۋۇشىگچى، تۆتىنچى رايكومغا دۇيۇجاۋ، بەشىنچى رايكومغا سۇي گۇاڭشىن شۇجى بولدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا يېزىلاردا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولۇپ، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى رايون قۇرۇلدى. ئالتىنچى رايكومنىڭ شۇجىسى كوكېزۇ، يەتتىنچى رايكومنىڭ شۇجىسى ماۋيۈەنچىڭ بولدى.

1953 - يىلى 7- ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ

ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىدىيە تارقىتىلدى.

2. پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى كېڭەيتىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن شەھەر قول سانائەتچىلىرى ئارىسىدا پارتىيە تەشكىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ قول سانائەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە يول ئېچىلدى.

3. باش لۇشيەنگە ۋە قول سانائەتنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا تەربىيە كۈچەيتىلىپ، قول سانائەتنىڭ ئۆز ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان قالاقلىق، تارقاقلىق، كونسېرۋاتىپلىق ئېنىق ئايان بولدى.

4. كوپېراتسىيە، گۇرۇپپا قۇرۇپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

5. شەھەر قول سانائەتچىلىرى ئارىسىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى تەجرىبىلىرى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تەشكىلاتچىلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، كېيىنكى كۈنلەردە قول سانائەتچىلەر ئارىسىدا پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت يارىتىلدى.

شۇ يىل يىلىنىڭ بېشىدا شەھەرلىك پارتكوم ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىنى تەرتىپكە سېلىنىپ، پارتكوم ئورگىنى ۋە شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئورگىنى ئىككى پارتىيە ياچېيكىسىغا ئايرىلدى. شەھەرلىك پارتكوم ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى ـــ شەھەرلىك پارتكوم كاتىپلىرى ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، رەۋىزىيە كومىتېتى، يېزا خىزمەت گۇرۇپپىسى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئىشچىلار

ئۈچ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بىيۇرو ۋە ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «قەشقەر شەھىرى قول سانائەتچىلىرى ئارىسىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە سىناق قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»قا ئاساسەن، ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم بىرىنچى رايوندا تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىنى سىناق قىلىپ قۇرۇش، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن ئالتىنى تەرتىپكە سېلىپ تەستىقلاش بىلەن بىر چاغدا، تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ قويمىچىلىق گۇرۇپپىسى بىلەن بىرىنچى، ئىككىنچى تۆمۈرچىلىك گۇرۇپپىسىدا پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

بۇ قېتىمقى پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە سىناق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن شەھەرلىك پارتكوم تولۇق تەييارلىق قىلدى. شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرىگە بىرىنچى رايكوم شۇجىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى، ئۈچ نەپەر تەشكىللىگۈچى سەپلەپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق قول سانائەتچىلەر ئارىسىدا پارتىيىگە ئالتە نەپەر ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى:

1. شەھەر قول سانائەتچىلىرى ئارىسىدا كوممۇنىزم.

قول سانا ئەتتە)، يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان پارتىيە ئەزاسى 114 نەپەر بولۇپ، يېزىدىن 37 نەپەر، شەھەر قول سانائەتچىلەر ئارىسىدىن 29 نەپەر، رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان كادىرلىرىدىن 45 نەپەر، كوچا باشقارمىسىدىكى كادىردىن ئۈچ نەپەرتەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1955 - يىلى پۈتۈن شەھەردە جەمئىي 14 پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ (پارتىيە تەشكىلىي ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا ئازلىدى، سەۋەب يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى قوغان بىلەن سەمەن ئىككى يېزا ئىگىلىك رايونى ئايرىم - ئايرىم يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى، بۇنىڭدىن يېزىدا ئىككى، شەھەرلىك قول سانائەتتە تۆت، سودا تەۋەسىدە ئىككى، ئورگانلاردا ئالتىسى بار ئىدى؛ پۈتۈن شەھەردىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى 192 نەپەر بولۇپ، يېزىدا 14 نەپەر، قول سانائەتتە 33 نەپەر، رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردا 142 نەپەر بار ئىدى.

## 2. دەسلەپكى مەزگىلدىكى پارتىيە قۇرۇلتايلىرى

### (1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى 1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەرلىك پارتكوم زالىدا چاقىرىلدى (بۇ كۈنكى سەمەن

ئۆيۈشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاـ
تارلىق تارماقلاردىن تەشكىللەندى. ياچېيكا شۇجىلىقىنى
مۇلىيەن ئۈستىگە ئالدى. شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئورـ
گان ياچېيكىسى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى
تارماقلىرى ھەم شەھەرلىك ئىشچىلار دوختۇرخانىسى، خەلق
كىنوخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپتى. ياچېيـ
كا شۇجىلىقىنى شەھەر باشلىقى ئابلايوپ قوشۇمچە ئۈستىگە
ئالدى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېـ
تىنىڭ مۇدىرى).

1954 ـ يىلى، پۈتۈن شەھەر بويىچە قۇرۇلغان پارتىيە
ياچېيكىسى 16 بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 146 گە يەتكەنىدى.
بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزاسى 87 نەپەر بولۇپ،
يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 0.12 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ شەھەرـ
لىك قول سانائەتچىلەر ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى
24 نەپەر بولۇپ، قول سانائەت كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىـ
دىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.51 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛
رايوندىن يۇقىرى ئورگان كادىرلىرى ئىچىدىكى پارتىيە ئەـ
زاسى 25 نەپەر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 14.61 پىرسەنـ
تىنى ئىگىلىگەن.

1955 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ھەمكارلىق
كوپىراتسىيە ھەرىكىتى، شەھەر قول سانائەتكە سوتسىيالىسـ
تىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ
ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇددەت ـ تۈرـ
كۈمگە بۆلۈپ، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ پارتىيە تەشكىلىـ
نى قۇردى. شۇ يىلى پۈتۈن شەھەر بويىچە يېڭىدىن بەش پارتىيە
ياچېيكىسى قۇرۇلدى (بۇنىڭدىن ئىككىسى يېزىدا، ئۈچى

سىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇنلانغان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈنسايىن مۇكەممەللەشكەن ۋە كۈچەيگەن ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. قۇرۇلتاي ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، شەھەر قۇرۇلغان تۆت يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ۋە پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى، شەھىرىمىزنىڭ 1956- يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە كېيىنكى 12 يىللىق (1956- يىلدىن 1967- يىلىغىچە) قەشقەر شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي پىلان لايىھىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. قۇرۇلتايدا ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ يېڭى كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. پارتىيىنىڭ رەۋىزىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلىدى.

قۇرۇلتايدا، ئالدى بىلەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شەھەر باشلىقى يولداش ئابلايوپ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. چۈشتىن كېيىن ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش لى چۈنفالىڭ شەھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا «قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن خۇلاسە دوكلات» نى بەردى. دوكلاتتا 1953- يىلدىن 1955- يىلىغىچە قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچ رايوندا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرى، شەھەر قول سانائەت ۋە سودا سانائەتتە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش خىزمەتلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى يې-

يولىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ). يىغىن يەكشەنبە كۈنى دەم ئالغاندىن باشقا، ئالتە يېرىم كۈن ئېچىلىپ 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن غەلىبىلىك يېپىلدى.

بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى 70 نەپەر بولۇپ، بىرەيلەننىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىسى سەۋەبىدىن قۇرۇلتاينىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بار رەسمىي ۋەكىل 69 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن يەتتە كىشى تۈرلۈك سەۋەب بىلەن قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىغان. كەلگەن 62 ۋەكىل پۈتۈن شەھەردىكى 247 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 41 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 59.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ خەنزۇ ۋەكىل 28 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 40.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئايال ۋەكىل سەككىز نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 11.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ياشلار ۋەكىلى 14 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 21 نەپەر مۇنەۋۋەر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى قۇرۇلتايغا سىرتتىن قاتناشتى؛ ئۇنىڭ ئىچىدە، يېزىدىن ئالتە نەپەر، قول سانائەتتىن ئۈچ نەپەر، كوچا باشقارمىدىن بىر نەپەر، شەھەرلىك ئىدارە - ئورگانلاردىن ئون نەپەر.

بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ئالىي كوپېراتىسيە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشقان، شەھەر رايونىدا خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە، قول سانائەتكە سوت-

سەمەت قارىم، ئابدۇكېرىم ئوبزارى قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن جەك پ قەشقەر شەھەرلىك رەۋىزىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

لى چۈنفاڭ، ئابلايوپ، قۇربان قاسىم، قادىر پازىل قاتارلىق تۆت نەپەر يولداشنى ئاپتونوم رايونلۇق 1- قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا ۋەكىل قىلىپ سايلاپ چىقتى.

5- ئاينىڭ 25- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يولداش لى چۈنفاڭ قۇرۇلتايغا خۇلاسە دوكلاتى بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي ۋەكىللەر چاۋاك ئارقىلىق قۇرۇلتاينىڭ يەتتە تۈرلۈك قارارىنى ماقۇللىدى.

## (2) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك ئىككىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ 2- قېتىملىق قۇرۇلتىيى 1962- يىلى 6- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە قەشقەر شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلدى؛ قۇرۇلتاي يەكشەنبە كۈنى ئارام ئالغاندىن باشقا يەتتە كۈن ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ جەمئىي ۋەكىلى 130 نەپەر بولۇپ 16 كىشى ئىش سەۋەبىدىن قاتنىشالمىدى. 114 نەپەر ۋەكىل پۈتۈن شەھەردىكى 2101 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن قاتناشتى: ۋەكىللەر ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 94 نەپەر، خەنزۇ ۋەكىل 20 نەپەر، ئايال ۋەكىل توققۇز نەپەر. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلتايغا يەنە 32 نەپەر تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي

زىلاردا، شەھەر قول سانائەتىدە كوپېراتسىيىلىشىش ئەھ-
ۋالى ئۇقتۇرۇلۇپ خۇلاسە قىلىنىدى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ۋەكىللەر يولداش لى چۇنپاڭ-
نىڭ دوكلاتىنى تولۇق مۇزاكىرە قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا
قۇرۇلتاي يولداش لىچۇنفاڭنىڭ شەھەرلىك پارتكومغا ۋا-
كالىتەن بەرگەن دوكلاتىغا بىردەك قوشۇلدى.

21- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە شەھەرلىك پارتكومنىڭ
ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرى، شەھەرلىك خەلق كومى-
تېتىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتتىن 21
نەپەر ۋەكىل پارتىيە تەشكىلى، رېۋىزىيە خىزمىتى، تەش-
ۋىقات، سودا، بىرلىكسەپ، سىياسىي قانۇن، يېزا ئىگىلىك،
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار خىزمىتى
قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا مەخسۇس سۆز قىلدى، سۆزلى-
گۈچىلەر يىغىنغا كەلگەن ۋەكىلنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

23- كۈنى قۇرۇلتايدىكىلەر مۇزاكىرە قىلدى. 24- كۈ-
نى چۈشتىن بۇرۇن ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1- قېتىملىق پارتىيە قۇرۇل-
تىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر نامزاتى بىلەن جكپ قەشقەر
شەھەرلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ نامزات ئىسىم-
لىكىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا يوشۇرۇن ئاۋاز
بېرىش شەكلى ئارقىلىق لىچۇنفاڭ، مۇلىيەن، ۋاڭ گۇيشىڭ،
سۇي گۇاڭشىن، قادىر سابىت، تۆمۈر قاسىم، ئابدۇباقى سەي-
دۇللا، مامۇت ھاشىر، ئابلا يوپ، مەمەت ئۇرايىم، مەمەت-
جان قاتارلىق 11 نەپەر يولداشتىن تەشكىللەنگەن جكپ
قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

مۇلىيەن، تۆمۈر قاسىم، ئابلا يوپ، ۋاڭ شۇنباۋ، لى شۇ،

كومىتېتىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى يولداش خې شۇتيەن شەھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن «ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەت بىلەن 1962- يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى بەردى، دوكلاتتا ئىجابىي - سەلبىي جەھەتتىن قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرى ۋە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرىنى خۇلاسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قەشقەر شەھرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى يەتتە يىللىق تەرەققىيات قۇرۇلۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

6- ئاينىڭ 15-، 16-، 18- كۈنلىرى ئۈچ كۈن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلدى. 6- ئاينىڭ 19- كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش مىڭ شۇلىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىدى. 6- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چوڭ يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن يېڭى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. كومىتېت خې شۇتيەن، ئابلا ئىسمايىل، ۋاڭ گۈيشىڭ، تۆمۈر قاسىم، سىدىق ئابىدخان، گو كېزۇ، دۇڭ شى، ئانارخان، ھوشۇر يۇنۇس، ياڭ چۇدۇڭ، لى شۇ، ليۇ جې، سەي يۇڭخى، ماھمۇت ھاشىر، مامۇتوپ ئىسمايىل، مەمەتجان، ئابلىز ئىسمايىل، مۆمىن ھوشۇر، ليۇ فىڭلەي قاتارلىق 19 كىشىدىن تەشكىللەندى.

كومىتېت سايلام ئۆتكۈزۈش ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنى تەشكىللەپ چىقتى. شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى خې شۇتيەن، ئابلا ئىسمايىل،

پۈتۈن پارتىيە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ باش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، پارتىيىنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ئەھۋالدا ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 3- سانلىق يىغىنىنىڭ روھى ۋە ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىنىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىندى. گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەينىڭ 2- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3- سانلىق يىغىنىدا بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات يەتكۈزۈلدى. ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىندى ھەمدە 1962- يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى قۇرۇلتاي رەسمىي باشلاندى. ئالدى بىلەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئابلا ئىسمايىل ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش تۆمۈر قاسىم شەھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى بەردى. چۈشتىن كېيىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ۋاڭ گۈيشېڭ شەھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەينىڭ 2- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3- سانلىق يىغىنىدا بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىنى يەتكۈزدى.

6- ئاينىڭ 14- كۈنى ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك پارتى-

# قەشقەر شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

**(1952- يىلىدىن 1964- يىلغىچە)**

**ئەكبەر مەھەممەتئىمىن**

1952- يىلى 10- ئاينىڭ 25- كۈنى قەشقەر شەھىرى رەسمىي قۇرۇلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن كونىشەھەر ناھىيە ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەيئىتى تەشكىللەپ ئىش باشلىدى. كونىشەھەر ناھىيىسى ناھىيە بازىرىدىن گىڭگوك (راۋاق) رايونى تەۋەسىنى، تەنتەربىيە رايونى تەۋەسىنى، مەدەنىيەت رايونى تەۋەسىنى، شىڭشىنىڭ (يېڭى) رايونى تەۋەسىنى؛ سەمەن رايونىنىڭ 1-، 2-، 3-، 11- يېزىلىرىنى؛ 12- يېزىسىنىڭ ئۈچ كەنتىنى، 4- يېزىسىنىڭ ئۈچ كەنتىنى (تەۋەسىدە جەمئىي 4215 ئائىلە، 16 مىڭ 114 نوپۇس، 30 مىڭ 795 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى)؛ قوغان رايونىنىڭ 3-، 4-، 5-، 7-، 8- يېزىلىرىنى، 1- يېزىسىنىڭ 21 ئائىلىسى، 2- يېزىسىنىڭ 759 ئائىلىسى، 6- يېزىسىنىڭ 346 ئائىلىسى، 10- يېزىسىنىڭ 264 ئائىلىسى، 11- يېزىسىنىڭ 258 ئائىلىسىنى (تەۋەسىدە جەمئىي 6552 ئائىلە، 26 مىڭ 964 نوپۇس، 50 مىڭ 604 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى) ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېڭىشەھەر ناھىيە-

ۋاڭگۇيشىڭ، تۆمۈر قاسىم، سىدىق ئابىخان، كوكجۇ، ئانار-
خان قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەشكىللەندى. يولداش خېشۇتيەن
جېك پ. قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىن-
لەندى، يولداش ۋاڭگۇيشىڭ، تۆمۈر قاسىم شەھەرلىك پارت-
كومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

6- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇرۇلتايدىكى-
لەر يولداش ئابلا ئىسمايىلنىڭ شەھەرلىك پارتكومغا ۋا-
كالىتەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك
پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 3- سانلىق يىغىن روھىنى يەتكۈزۈش
توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ
5- ئايدىكى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەت-
كۈزۈش دوكلاتى» غا، يولداش خېشۇتيەننىڭ قەشقەر شە-
ھەرلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن بەرگەن «بىرىنچى قېتىملىق
ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەت ۋە 1962- يىللىق
خىزمەتلەر ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى دوكلات» قا بىردەك قو-
شۇلدى. يىغىن ئاخىرىسىدا سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمەتنى
كۈچەيتىش ھەققىدە قارار ماقۇللاندى.

**(ھېكىم ئىدرىس تەرجىمىسى، ئابدۇرىشىت ھاجى سې-
لىشتۇرۇپ بېكىتكەن)**

لىندا بولۇپ، تەۋەلىكىدە 14 كوچا، ئىككى يېزا بار ئىدى؛ بەشىنـ
چى رايون (ئەسلىدىكى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى راـ
يونى، هازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازىرى)، تۇرۇشـ
لۇق ئورنى بۈگۈنكى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بازىرىدا بوـ
لۇپ، تەۋەلىكىدە ئىككى كوچا، تۆت يېزا بار ئىدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ دائىرىسى شىمالدىن ئايرودـ
رومغىچە، شەرقتىن بۈگۈنكى قەشقەر مېھمانخانىسىدىن
تارتىپ قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئەتراپىـ
غىچە، جەنۇبتىن يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىغىچە، غەربتىن
بۈگۈنكى شاماللىباغ يېزا ئەتراپىغىچە بېرىپ، غەربىي جەـ
نۇبىي چېتى قىزىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى كونىشەـ
ھەر ناھىيە پاختەكلە يېزىسىغىچە باراتتى.

1953 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قەشقەر شەھـ
ـرى ئەسلىدىكى بەش رايوننى يەتتە رايون قىلىپ تەڭشىدى.
يەنى: ئەسلىدىكى بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى رايون تەۋەلىكىدىكى
توققۇز يېزىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالتىنچى رايون (قوغان رايون)
قۇردى؛ ئەسلىدىكى ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى رايون تەۋەلىكىدىكى
تۆت يېزىنى بىرلەشتۈرۈپ يەتتىنچى رايون (سەمەن رايون) قۇرـ
دى. تەڭشىگەندىن كېيىنكى يەتتە رايوندىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ،
ۋە 5 ـ رايونلار شەھەر رايونى؛ ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى رايونلار شەـ
ھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى سۈپىتىدىكى دېھـ
قانچىلىق رايونى بولدى. ئالتىنچى رايوننىڭ رايونلۇق مەھكىـ
مىسى هازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيـ
سىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان. يەتتىنچى رايوننىڭ رايونلۇق مەھـ
كىمىسى هازىرقى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىـ
مەت مەركىزىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان. شۇ يىلى قەشقەر شەـ

سى 1 ـ رايون (بازار رايون) نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ يېزىلىرىنى (تەۋەسىدە جەمئىي 2570 ئائىلە، 10 مىڭ 84 نوپۇسى، 24 مىڭ 932 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى) ئۆتكۈزۈپ بەردى.

مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىن 25 مىڭ 366 ئائىلە، 97 مىڭ 161 نوپۇس (ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.25 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 1.91 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى)، 108 مىڭ 331 مو تېرىلغۇ يەرنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى 1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تولۇق ئاياغلاشتى.

قەشقەر شەھىرى بۇ رايونلارنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن بازار، يېزىنى بىرلەشتۈرۈپ، بەش رايون قۇردى، يەنى: بىرىنچى رايون (ئەسلىدىكى كىڭگۈك رايونى، ھازىرقى چاسا كوچا باشقارما) تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، تەۋەلىكىدە 15 كوچا، بەش يېزا بار ئىدى؛ ئىككىنچى رايون (ئەسلىدىكى تەنتەربىيە رايونى، ھازىرقى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى)، تۇرۇشلۇق ئورنى بۈگۈنكى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئورنىنىڭ تېگىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 13 كوچا، ئىككى يېزا بار ئىدى؛ ئۈچىنچى رايون (ئەسلىدىكى مەدەنىيەت رايونى، ھازىرقى ياۋاغ كوچا باشقارمىسى)، تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى ئەنجان رەستىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 15 كوچا، تۆت يېزا بار ئىدى؛ تۆتىنچى رايون (ئەسلىدىكى شىڭشىڭ رايونى، بۈگۈنكى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى)، تۇرۇشلۇق ئورنى بۈگۈنكى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسىنىڭ ئالدىدىكى بىر ھويـ

كومىتېتى كوۋۇيۇەننىڭ «نوپۇسى 200 مىڭدىن تۆۋەن بولغان شەھەرلەردە رايون قۇرماسلىق» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 4 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن، شەھەر ئىچىدىكى تۆت رايون تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەتتە كوچا باشقارما تەسىس قىلدى (36 ئاھالە كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)، بۇ يەتتە باشقارما شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى ئىدى. شەھەر رايونىدىكى يەتتە كوچا باشقارمىسىنىڭ دائىرىسى ۋە ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي رايونلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

1. يارباغ كوچا باشقارمىسى: يارباغ كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ ھېيتگاھ مەيدانىدىن غەربكە قايرىلىپ نۇرابېشى يولىغىچە بولغان دائىرىنى ئىچىگە ئالاتتى، تەۋەلىكىدە: يارباغ، تۆمەنبويى، تۆرە يارباغ، ئەنجان كوچا، ئېگىز ئېرىق، نۇرابېشى قاتارلىق ئالتە ئاھالىلەر كومىتېتى، 64 ئاھالىلەر كۇرۇپپىسى، 1622 ئائىلە، 5 مىڭ 638 نوپۇس بار ئىدى.

2. ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى: ھېيتگاھ مەيدانىدىن تارتىپ، ئۆستەڭبويى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ غەربكە قاراپ سېپىلنىڭ تۈۋىگىچە بولغان دائىرىنى ئىچىگە ئېلىپ، تەۋەلىكىدە ئۆستەڭبويى، باغ كوچا، باغچى كوچا، يومۇلاق شەھەر، تاغارچى كوچا قاتارلىق بەش ئاھالىلەر كومىتېتى، 48 ئاھالىلەر كۇرۇپپىسى، 1337 ئائىلە، 4827 نوپۇس بار ئىدى.

3. قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى: دائىرىسى سېپىل-

ھىرى ئەتراپىدا ئىككى يېزا، 1 رايونى، 18 يېزا (شىياڭ) دا
122 كەنت، يېزا نوپۇسى جەمئىي 10 مىڭ 767 ئائىلە، 42 مىڭ 929
نوپۇس بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئىگىلىك ئومۇمىي كۆلىمى 84 مىڭ 267 مو
ئىدى (بەشىنچى رايوندىكى تۆت يېزىنىڭ نوپۇسى ۋە تېرىلغۇ
يېرى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ).

1955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىچكى ئىشلار
مىنىستىرلىكىنىڭ قارارى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن قەشقەر شەھەرگە قا-
راشلىق 5 ـ رايون (ئىككى كوچا، تۆت يېزىسى بىلەن)
يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قەشقەر شە-
ھىرى بەشىنچى رايوننىڭ تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
قەشقەر شەھىرى ئىچىدە تۆت رايون، 57 كوچا، 11 مىڭ 72 ئائى-
لە، 41 مىڭ 509 نوپۇسى قالدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈ-
نى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن،
قەشقەر شەھەرگە قاراشلىق قوغان ۋە سەمەن ئىككى دېھ-
قانچىلىق رايونى كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىل-
دى. شەھەر ئەتراپىدا قالدۇرۇلغان ئەسلىدىكى قوغان
رايونىنىڭ بىر يېزا، توققۇز كەنتى ۋە سەمەن رايونىنىڭ
ئىككى يېزا، يەتتە كەنتى بىرلەشتۈرۈلۈپ تۆت دېھقانچى-
لىق يېزىسى قۇرۇلۇپ، ئايرىم ھالدا شەھەر ئىچىدىكى تۆت
رايونغا تەۋە بولدى. شۇ يىلى قەشقەر شەھەر ئەتراپىنىڭ
كۆلىمى 14 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر 12 مىڭ 888 موغا
چۈشۈپ، تۆت يېزا، 34 كەنتتە جەمئىي 3693 ئائىلە،
15 مىڭ 24 نوپۇسى قالدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تې-
رىلغۇ يەر 0.86 مو بولۇپ قالدى.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قەشقەر شەھەرلىك خەلق

باشلاپ، خام بازىرى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ شەرققە قاراپ قۇرۇلۇش باشلىنىشىغىچە بولغان دائىرىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە ئوردا ئالدى، جانقورغان، دۆڭ مەسچىت، زەرگەرلەر، بۇلاق بېشى قاتارلىق بەش ئاھالىلەر كومىتېتى، 54 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1354 ئائىلە، 4914 نوپۇس بار ئىدى.

شۇ يىلى، قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شەھەر رايونىدا يەتتە كوچا باشقارما، 36 ئاھالىلەر كومىتېتى، 392 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 10 مىڭ 353 ئائىلە، 35 مىڭ 982 نوپۇس (شەھەر رايونى ئەتراپىدىكى ئورگانلارنىڭ نوپۇسى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ) بار ئىدى.

شەھەر ئەتراپىدا يېزىنىڭ قۇرۇلمىسى ساقلاپ قېلىنىپ ئەسلىدىكى تۆتىنچى رايون شەھەر ئەتراپى رايونلۇق مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە تۆت يېزا (شاڭ)، 15 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپ ۋە 25 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى بار ئىدى.

1958 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، مەمۇرىي ئورگانلارنى كېمەيتىش روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەسلىدىكى يەتتە كوچا باشقارمىسىنى بەش كوچا باشقارمىسىغا تەڭشىدى. تەڭشەش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. يېڭى يول كوچا باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تەۋەلىكىدىكى يېڭى يول، قوناق بازىرى، قاسقان بازىرى ۋە سەي بازىرى قاتارلىق تۆت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلدى ھەمدە قۇمدەرۋازا كوچا باشقارما تەۋەلىكىدىكى ياغاچ بازىرى

نىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى كوچىلار بولۇپ، ياغاچ بازىرى، پاختا بازىرى، توخۇ-تۇخۇم بازىرى، تاش بازىرى قاتارلىق تۆت ئاھالىلەر كومىتېتى، 43 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1056 ئائىلە، 3023 نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

4. يېڭى يول كوچا باشقارمىسى: پوچتا ئىدارىسىدىن باشلاپ قاسقان بازىرى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ شىمالغا سوزۇلۇپ سەي بازىرى كوچا ئاغزى بىلەن شەرققە قاراپ قوناق بازىرى مەكتەپكىچە بولغان دائىرىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە قاسقان بازىرى، چەكمەنچى كوچا، موپاك كوچا، سەي بازىرى، يېڭى يول، قوناق بازىرى قاتارلىق ئالتە ئاھالىلەر كومىتېتى، 67 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1720 ئائىلە، 6014 نوپۇس بار ئىدى.

5. ئۆتۈشۈك دەرۋازا كوچا باشقارمىسى: شامچى كوچا ئاغزىدىن باشلاپ، ئارىيا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ، شەرققە قاراپ ئۆتۈشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكىگىچە بولغان دائىرىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە شامچى كوچا، ياغ بازىرى، قازانچى يار بېشى، ئۆتۈشۈك دەرۋازا، كوزىچى يار بېشى قاتارلىق بەش ئاھالىلەر كومىتېتى، 57 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1609 ئائىلە، 5573 نوپۇس بار ئىدى.

6. چاسا كوچا باشقارمىسى: شەرقى سېپىلگىچە، جەنۇبى ياغ بازىرىغىچە، غەربى ئوردا ئىشىكىگىچە، شىمالى گەڭگوڭ راۋىقى (بۇلاق بېشى) گىچە بولغان دائىرىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە كونا دەرۋازا، ئازاد كوچا، چاسا، ئەگلەكچى، ئەۋرىشىمكا قاتارلىق بەش ئاھالىلەر كومىتېتى، 59 ئاھالىلار گۇرۇپپىسى، 1655 ئائىلە، 5993 نوپۇس بار ئىدى.

7. ئامبارچى كوچا باشقارمىسى: ھېيتگاھ مەيدانىدىن

باشقۇرۇشغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. قەشقەر شەھىردىكى ئەسلىدىكى تۆت يېزا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شەھەر ئەتراپىدا قوغان كۆكچى ۋە سەمەن كۆكچى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوغان كۆكچى تەۋەسىدە توققۇز باشقۇرۇش رايونى (管理区)، ئىككى بىۋاسىتە قاراشلىق دادۈي، سەمەن كۆكچى تەۋەسىدە يەتتە باشقۇرۇش رايونى، تۆت بىۋاسىتە قاراشلىق دادۈي بار بولۇپ، شۇ يىلى، شەھەر ئەتراپىنىڭ يەر كۆلىمى 150 كۋادرات كىلومېترغا، تېرىلغۇ يېرى 172 مىڭ 600 موغا، يېزا نوپۇسى 63 مىڭ 623 كىشىگە يەتتى.

1960 - يىلى 4 - ئايدا، شەھەر ئىچىدىكى كوچا باشقارمىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر شەھەرلىك شەھەر ئىچى كۆكچى قۇرۇلدى. ھەمدە قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى تۆت رايوننىڭ دائىرىسىدە تۆت باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىنىپ، شەھەر كۆكچىسىغا تەۋە بولدى.

1962 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شەھەر كۆكچىسىغا تەۋە تۆت باشقۇرۇش رايونىدىكى 35 ئاھالىلەر كومىتېتى 23 ئاساسىي قاتلام كومىتېتقا تەڭشەلدى. شۇ يىلى 4-ئايدا، توخۇ - تۇخۇم بازىرى ۋە تاش بازىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر كومىتېت قىلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى يەنە ئۆز ئەسلىگە ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدىكى شەھەر كۆكچىسىغا تۆت باشقۇرۇش رايونى، 34 ئاساسىي قاتلام كومىتېت قارايدىغان بولدى.

1962 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «60 ماددا»غا ئاساسەن، سەمەن ۋە قوغان كۆكچىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سەمەن ۋە قوغان رايونى تەسىس قىلىندى. ئەسلىدى-

ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە يېڭى يول ئاھالىلەر كومىتېتىنى ئە-
مەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىگە تەۋە ئاھالى-
لەر ئايرىم ھالدا قوشنا كومىتېتلارغا قوشۇۋېتىلدى (ياغاچ
بازىرى كومىتېتىدىكى ئاھالىلەر تاش بازىرى كومىتېتىغا قوشۇ-
ۋېتىلدى. يېڭى يول كومىتېتىدىكى ئاھالىلەر قاسقان بازىرى
بىلەن قوناق بازىرى كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى).

2. ئەسلىدىكى يېڭى يول كوچا باشقارمىسىغا تەۋە مو-
پاك كوچا، چەكمەنچى كوچا قاتارلىق ئىككى ئاھالىلەر كو-
مىتېتى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

3. ئامبارچى كوچا باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،
تەۋەلىكىدىكى جانقورغان ئاھالىلەر كومىتېتى ياۋاغ كوچا
باشقارمىسىغا؛ ئوردا ئالدى، دۆڭ مەسچىت، زەرگەرلەر،
بۇلاق بېشى قاتارلىق تۆت ئاھالىلەر كومىتېتى چاسا كوچا
باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

4. چاسا كوچا باشقارمىسىغا تەۋە ئەگلەكچى، كونا
دەرۋازا ئىككى ئاھالىلەر كومىتېتى تۆشۈك دەرۋازا كوچا
باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

تەڭشىلىش بىلەن قەشقەر شەھەرىنىڭ شەھەر رايونىدا
يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا، چاسا، تۆشۈك دەرۋازا
قاتارلىق بەش كوچا باشقارما، 34 ئاھالىلەر كومىتېتى
شەكىللەندى.

شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ
تەستىقلىشى ۋە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بى-
نائەن يەنە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان رايونى (تەۋە-
لىكىدە 15 يېزا، 58 ئاھالىي كوپېراتىپ بار) بىلەن سەمەن
رايونى (13 يېزا، 34 ئاھالىي كوپېراتىپ بار) قەشقەرنىڭ

تېرىلغۇ يەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.
قەشقەر شەھىرىگە قالدۇرۇلغىنى سەمەن رايونىدىكى شا-
مالباغ گۇڭشېسىنىڭ ھەممىسى، كۆك ئېرىق گۇڭشېسىنىڭ
كۆپ قىسمى (8- ۋە 9- دادۈيلىرى ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى)؛
قوغان رايونىدىكى دۆلەتباغ گۇڭشېسىنىڭ كۆپ قىسمى
(8- ۋە 10- دادۈيلىرى ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى)، باغ ئې-
رىق گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-، ۋە 5- دادۈيلىرى، پەخسىن گۇڭ-
شېسىنىڭ 9- دادۈيى، قوغان گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4- ۋە
9- دادۈيلىرى بولۇپ، جەمئىي 29 دادۈي، 24 مىڭ 59 نوپۇس
قالدى. قەشقەر شەھىرىگە قالدۇرۇلغان 29 دادۈي بىرلەش-
تۈرۈلۈپ، شەھەر ئەتراپىدا ئۈچ خەلق گۇڭشې ۋە بىر باغ-
ۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى. بۇ ئۈچ گۇڭشې مۇنۇلار: شا-
مالباغ گۇڭشې (ئەسلىدىكى شامالباغ گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-،
3-، 4-، 5- دادۈيلىرى ۋە ئەسلىدىكى كۆك ئېرىق گۇڭشې-
سىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6-، 7- دادۈيلىرى قاتارلىق
جەمئىي 12 دادۈينى ئۆز ئىچىگە ئالغان)؛ نەزەرباغ گۇڭشې
(ئەسلىدىكى قوغان گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-، 3-، 9- دادۈيلىرى،
ئەسلىدىكى پەخسىن گۇڭشېسىنىڭ 9- دادۈيى ۋە ئەسلىدىكى
باغ ئېرىق گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-، 5- دادۈيلىرى بولۇپ
جەمئىي سەككىز دادۈينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ دۆلەتباغ
گۇڭشې (ئەسلىدىكى دۆلەتباغ گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-،
5-، 6-، 7-، 9- دادۈيلىرى ۋە ئەسلىدىكى قوغان گۇڭشېسىنىڭ
4- دادۈيى قاتارلىق جەمئىي توققۇز دادۈينى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ). شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 3- كۈنى، ئاپتونوم را-
يونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، قەشقەر
شەھەرلىك خەلق كومىتېتى قارار چىقىرىپ ئەسلىدىكى قەش-

كى سەمەن ۋە قوغان ئىككى گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇش رايونى ئاساسىدا، 11 گۇڭشې قۇرۇلۇپ، سەمەن ۋە قوغان رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سەمەن رايونى تەۋەلىكىدە ئىدى، سەمەن، كۆك ئېرىق، پاختەكلە، شامال باغ قاتارلىق بەش گۇڭشې بار؛ قوغان رايون تەۋەلىكىدە پىخسىن، باغ ئېرىق، قازئېرىق، سوزاق، دۆلەتباغ، قوغان قاتارلىق ئالتە گۇڭشې بار. شۇ يىلى شەھەر ئەتراپىدا جەمئىي ئىككى رايون، 11 خەلق گۇڭشې، 89 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى، 413 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 160 مىڭ مو يەر، 64 مىڭ 185 نوپۇس بار ئىدى.

1964 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، سەمەن رايونى كۆك ئېرىق ۋە سەمەن ئىككى گۇڭشېدا ئىمرىسى ئىچىدىن تەكشەپ تىككەن بېشى گۇڭشې قۇرۇلدى؛ قوغان رايونىدىكى قازئېرىق گۇڭشېنى ئىككىگە بۆلۈپ، قازئېرىق ۋە چۇمبۇس قاتارلىق ئىككى گۇڭشې قۇردى، سوزاق گۇڭشېنى ئىككىگە بۆلۈپ يۇقىرىقى سوزاق ۋە تۆۋەنكى سوزاق دەپ ئىككى گۇڭشې قۇردى. بۇنىڭ بىلەن سەمەن رايونىدا ئالتە گۇڭشې، قوغان رايونىدا سەككىز گۇڭشې بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدا جەمئىي 14 گۇڭشې، 95 دادۈي، 70 مىڭ 695 نوپۇس بار بولدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن شەھەر ئەتراپىدىكى نوپۇس نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەش دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى ھەمدە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان ۋە سەمەن رايونىغا تەۋە گۇڭشېلارنىڭ كۆپ قىسمى 66 دادۈي، 46 مىڭ 636 نوپۇس، 122 مىڭ 207 مو

# قەشقەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىدىن قىسقىچە بايان

ئابدۇرشىت ھاجى، ئەكبەر مەھەممەتئىمىن

## قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان مەزگىلىدە

قەشقەر — ئېلىمىزدىكى مەشھۇر تارىخىي مەدەنىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇزاق شانلىق مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىغا ئىگە شەھەر. يازمىچە خاتىرىسى شەكىللەنگەندىن بېرى، قەشقەر يەنە تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ غەربىي دىياردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇشى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان. يىپەك يولىدىكى قاتناش ئۈستۈنلۈكى بۇ يەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرلۈك مەدەنىيەتنى بۇ يەرگە جۇغلاپ قەشقەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تېرىپ، تۆرەلدۈرۈپ ئۆستۈرگەندى.

مىلادى I ئەسىرنىڭ بېشىدا، بۇددا دىنى قەشقەرگە كىردى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىگە كەلگەندە قەشقەردىكى بۇددا دىنى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىپ، ئۇدۇن (خوتەن)، كىيۇجە (كۇچا)، ئىدىقۇتلار بىلەن بىر قاتاردا غەربىي دىياردىكى تۆتچوڭ بۇددا مەدەنىيىتى مەركىزى

تەر شەھەرلىك خەلق كومىتېتىغا قاراشلىق ئورگان قوشۇم-
چە كەسىپى ئىشلەپچىقىرىش دادۇيىنى قەشقەر شەھەرلىك
سۈپەتلىك ئۆرۈۋۇقچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇردى. بۇ مەيدان
كۆكتىپ دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەيدان. شۇ يىلى
قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا ئۈچ كۆكتىپ ۋە ئىككى يېزا ئى-
گىلىك مەيدانى بار ئىدى (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەز-
گىلىدە نەزەر باغ كۆكتىپىسىنىڭ نامى دۇڭفېڭ كۆكتىپ، شامال-
باغ كۆكتىپىنىڭ نامى خۇڭچى كۆكتىپ، دۆلەتباغ كۆكتىپىسىنىڭ
نامى دۇڭفاڭخۇڭ كۆكتىپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن، مەدەنىيەت
ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەسلى نامى ئەسلىگە كەلگەن).

دا شېئىر ئەدەبىياتىنىڭ «قەشقەر دەۋرى» باشلانغانىدى. لۇتفىنىڭ ئۆزى كېيىن باش كۆتەرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبەرىنىڭ پىركاملى ئەلىشىر ناۋائىي تەرىپىدىن «سەنئەت ئۇستازى»، «تىل پادىشاھى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى. لۇتفى ئىجاد قىلغان 2400 مىسرالىق شېئىرىي داستان «گۇل ۋە نەۋرۇز» غەربىي دىيار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقىلىپ، پۈتكۈل تۈرۈك - ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەرلىك ئالىم مىرزا ھەيدەر تۈزگەن مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «تارىخىي رەشىدىيە» مۇ ئوخشاشلا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھەم تولىمۇ قىممەتلىك مەدەنىي كلاسسىكتۇر.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە يەتكەندە داڭدار، قورقماس شائىر خىرقىتى قەشقەردە باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى، ئۇ شېئىرنى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئەينى زامانىدىكى زۇلمەتلىك رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆچمەس داستان «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە» نى يېزىپ ئەدەبىياتنى دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئۇنىڭدىكى تېشىپ تۇرغان ئىستىدات، ئادەتتىن تاشقىرى جاسارەت كېيىنكىلەرنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. خىرقىتىنىڭ شېئىرلىرى XVII ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن كېيىنكى قەشقەرنىڭ، شۇنداقلا تېيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ۋەھشىيانە ئېزىشى ۋە ھەر خىل بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ چەت ئەللىك تاجاۋۇزچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ

بولۇپ قالغانىدى.

تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە، قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوردۇكەنت قەشقەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتەردى. بۇ مەزگىلدە دۇنياغا كەلگەن داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان بۈيۈك داستان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن داڭلىق ئالىم، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى يازغان تىل قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تا بۈگۈنگىچە دۇنيانى كۆز ئېچىپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى نادىر ئەسەر قەشقەر قەدىمى مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەتتاكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك ئورنىنى توغرا ھالدا ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى دۇنياغا كەلگەن ئەمما ئەدىب ئەھمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكى يازغان شېئىرىي داستان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») ئېلىمىزنىڭ غەربىي دىيارىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى شۆھرەتكە ئىگە. يۈكنەكى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى «ساپ قەشقەر تىلى بىلەن يازغان» لىقىدىن تولىمۇ پەخىرلەنگەنىدى. مەشھۇر تارىخچى ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى 1070 – 1080-يىللاردا يازغان «قەشقەر تارىخى» ئىنتايىن يۇقىرى تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاز تېپىلىدىغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ قالغان.

يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن، قەشقەرلىك لۇتفى (1366 – 1465-يىللار) نى بەلگە قىلىپ، پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى-

بۇرھانىددىننىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن تىميانشاننىڭ جەنۇب قىسمىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالغان تارىخىي جەريانىنى خاتىرىلىگەن. مۇشۇ مەزگىلدە نەتىجىسى ئەڭ يۇقىرى، تەسىرى ئەڭ زور بولغىنى يەنىلا زور تۈركۈمدىكى داڭدار ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس شېئىرىي ئەسەرلىرى. XVII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ئابدۇرېھىم نازارى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە، ئۇرغۇيلىغان داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: قەشقەرلىك شائىر قاسىمى 1799-يىلى يازغان 2112 مىسرالىق تارىخىي داستان «تەزكىرەي ئارسلانخان» دا جانلىق قەلەم بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر مەزگىللىك قەھرىمانانە ئىشلار تەسۋىرلەنگەن. قەشقەر قوغانلىق ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان داڭلىق ئىلغار شائىر، ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدىغان «12 مۇقام» دا ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ تا ھازىرغىچە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى كۆرۈپ داۋاملاشتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. قەشقەردە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن مۇنەۋۋەر شائىر غەرىبى (1802 — 1862-يىللار) ئىجاد قىلغان پەلسەپىلىك داستان «كىتابى غەرىب» نى يېقىمىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان قەشقەرلىك شائىر كۈمنام يازغان لىرىكىلىق داستان «قەشقەر كېچىسى» مۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل تىلى ۋە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى

شىنجاڭغا، بولۇپمۇ قەشقەرگە قىلغان پاراكەندىچىلىكى ۋە بۇلاڭ-تالىڭى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن «نەپرەت شائىر ياراتتى». مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى يەنە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، ئەركىنلىك، بەخت ئىزدەش يولىدا خەلق ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار ۋە شائىرلار بارلىققا كەلدى. XVI ئەسىردىن كېيىن ئالدى بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا كەڭرى تارقىلىشىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قەشقەرلىك زور بىر تۈركۈم بىلىملىك كىشىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بولۇشقا تېگىشلىك ئورنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقا باشلىغان. مۇشۇ مەزگىلدە دۇنياغا كەلگەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان، ھەتتا پارس، ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش دولقۇنى بارلىققا كەلگەنىدى. مەسىلەن: XVI ئەسىردە پۈتكەن «تارىخىي رەشىدىيە» 1750-يىلى داڭلىق ئالىم ھاجى ھۇشۇر خەلىپە تەرىپىدىن قەشقەردە پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۇ تارىخىي مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى ۋە تەسىرىنى زورايتقان. قەشقەرلىك تارىخشۇناس مۇھەممەت سادىق قەشقىرى (1685-1765-يىللىرى) تارىخىي مەشھۇر ئەسەر «تەزكىرەئى ئەزىزان» نى يېزىپ، ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغىنىدىن تارتىپ پەي نەۋرىسى

بۈگۈنكىچە داۋاملىشىپ ۋەتىنىمىز مۇزىكا خەزىنىسىنىڭ كارامەتلىك گۈلى بولۇپ قالدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى قەشقەر «خوجىلار ھاكىمىيىتى» ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە قەشقەر ئەتراپىدا ئەۋج ئالغان ساما ئۇسۇلى (ئەرلەر ئۇسۇلى) دىنىي كۈچلەردە بولمىغان ئالاھىدە مۇراسىم شەكلىدىن خەلق ئۇسۇلىغا ئۆزگەرگەن. ئەينى چاغدا بۇ ئۇسۇلغا ھاپىزلەردىن تەشكىل تاپقان خور - مۇزىكا ئەترىتى مەخسۇس تەڭكەش قىلاتتى ياكى ئوقۇيتتى، مۇزىكىلىرىنىڭ رىتىمى مەركەزلىك ۋە ئىخچام، ھەرىكەتلىرىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلىشىدىن ئىخلاسمەنلىك ۋە سۈرلۈك جىمجىتلىق چىقىپ تۇرىدۇ. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچىمۇ ھەر ھېيتتىكى يىغىلىش مەزگىلىدە، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىدا مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى سەپ بولۇپ تىزىلىپ ساما ئۇسۇلىنى ئوينايدۇ، قاينام - تاشقىنلىق ھالەت پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە تۈزۈلۈپ پۈتكەن مۇقام مۇزىكىلىرى يەنە بىر نەچچە ئەسىرلىك ئىش قوشۇش، رەتلەش ئارقىلىق 18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن قەشقەردە خىللىنىپ 12 يۈرۈش مۇزىكىغا ئايلانغان، 12 مۇقام شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تۈۋرۈكى دەپ قارىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارقالغان، شۇنداقىلا بۇنىڭدىن بىر قاتار يەرلىك چوڭ سەنئەتلەر تۆرەلگەن. ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قەشقەر سەنئىتىدىن باشقا

بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدا يۇقى-
رى ئورۇن ئالغان.

مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل جەھەتتە، قەشقەر قەدىمدىن تار-
تىپ ئۆزگىچە بولۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ
تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نام چىقار-
غان «سۇلې كۆيى» 7 ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئىچكىرىگە
كىرىپ ئىچكى جايلاردىكى خەلقنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا
ئېرىشكەن. «سۇينامە» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «سۇ-
لې كۆيى» نى «ئورۇنلاشتا چالىدىغان چالغۇلاردىن تىك غوڭ-
قا، بەرباپ، بەشتار، نەي، چىلى، تال دۇمباق، بەل دۇمباق،
كېيچە دۇمباق، چىل دۇمباق قاتارلىق ئون خىل بولۇپ 12
ئادەم ئورۇنلىغان» ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە،
«سۇلې كۆيى» نىڭ ئىچكىرىدىكى داڭلىق ۋەكىللىرىدىن
جىنگۇەن يىللىرىدىكى ئوردا مۇزىكانتى پېي شىنفۇ بىلەن
جىن يۈەن يىللىرىدىكى پېي شىننۇلار ئىلگىرى-كېيىن
ئۆتكەنىدى. ئىككىلەن ئوخشاشلا بەرباپ چېلىپ نام
چىقارغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قەشقەر يەكەن خانلىقىنىڭ
باشقۇرۇشىدا تۇراۋاتاتتى. بۇ چاغدا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل
سەنئىتى يېڭى دولقۇنغا يەتتى. قەدىمدە تارقالغان
«سۇلې كۆيى» ئاساسىدا، يەكەن خانلىق دائىرىسىدىكى ئۇي-
غۇر سەنئەتكارلار دىنىي گۇرۇھلارنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە
بېسىشىغا قارىماي خەلق ئارىسىدىكى مۇزىكا مىراسلىرىنى
زور كۈچ بىلەن رەتلىدى. خانلىقنىڭ 2-خانى سۇلتان ئاب-
دۇرەشىتخاننىڭ كىچىك خانىشى ئامانىساخاننىڭ قولىدا
رەتلىنىپ تاكامۇللاشقان داڭلىق ئۇيغۇر مۇقاملىرى

تۇي ـ تۆكۈندە، مول ھوسۇل تەنتەنىسىدە، شۇندا قلا قىشلىق ئارىسال پەسلىدە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق كۆڭۈل ئېچىش شەكلىگە ئايلانغانىدى.

قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مول تۇپرىقى سانسىزلىغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەشھۇرلىرىنى ئۆستۈردى، بۇيەردىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تېپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تىل ـ يېزىقتىن تارتىپ ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇلغىچە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## ھازىرقى زاماندا

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە قەشقەردە بىر قىسىم مەدەنىيەت ئورگانلىرى ۋە ئەدەبىي ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى بارلىققا كېلىپ قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قىرغىز ـ قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورگانلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

### تىياتىرچىلىق جەھەتتە:

1934 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىس (كېيىن شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقى قەشقەر شۆبە ئىتتىپاقى سانايى نەفىسكە ئۆزگەرگەن) قەشقەردە قۇرۇلغان، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تارىختىن بۇيانقى تۇنجى ئەدەبىي

يەرلىك نامىلار بىلەن ئاتالغان تۆرلۈك مۇقاملارمۇ بارلىققا
كەلگەن. مەسىلەن: قۇمۇل مۇقامى، كۇچار سەنىمى، قاغىلىق
سەنىمى، دولان سەنىمى دېگەندەك. 1870 ـ يىلى قەشقەر
لىك مۇزىكانت مۇھەممەت موللا مۇقامىنى ئىلىغىچە تارقى
تىپ خاس ئۇسلۇبقا ئىگە «ئىلى مۇقامى» نى شەكىللەندۈ
رۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە سۇ ۋادىلىرىدىكى مۇزىكا
تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان
XVII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن، چوڭ مۇ
قامنى شەكىل قىلغان مۇزىكىلار ھەم دەپ راۋاجلىنىۋاتقان
پەيتتە ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار ۋە تۆرلۈك مىللىي ئۇسسۇل
لارمۇ قەشقەر ئەتراپىدا باش كۆتەرگەنىدى. مەشھۇر قەش
قەر سەنىمىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە قېلىپلىشىشقا باشلىغان. بۇ
سەنەم چاققان، تېتىك، جۇشقۇن، قىزغىن ھالدا ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن
«12 مۇقام» غا ئوخشاش «سەنەم» مۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھالد
تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا تارالپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدىن بى
رىگە ئايلىنىپ قالغان. مۇشۇ مەزگىلدە بىر قەدەر يۇقىرى
بەدىئىيلىككە ئىگە «شادىيانە» ئۇسسۇلىمۇ ئوردىدىن خەلق
ئارىسىغا چىقىپ قەشقەر خەلقىنىڭ كوللېكتىپ سورۇنلاردا ئوي
نايدىغان نەپىس ئۇسسۇلى بولۇپ قالغان. ھەمدە يەنىم
ئىلگىرىلەپ جايلارغا تارقالغانىدى. روشەن بەزمە خاراك
تېرىگە ئىگە قۇرۇق قول ئوينىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئۇس
سۇل «مەشرەپ» ۋە سېرىك شەكىلدىكى تۆرلۈك ئۇسسۇللار م
خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان، بەلكى شەھەر ئەتراپىدىكى
دېھقانلار ئامىسىنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ

يۇشما سانايى نەفىس سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيلەش،
ئۈز رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلغان بولسـ
ـمۇ لېكىن، تارىخىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۇسـ
ـتىگە بۇ يەردىكى ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسى
بىر قەدەر ئېغىر بولۇش (ئۇ چاغدا ئاياللارنىڭ رولىنى
ئەرلەر ئېلىپ ئويۇن قويغانىدى) سەۋەبىدىن تەرەققىيات
ئاستا بولغان. 1934 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان
16 يىل جەريانىدا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىس
ئارتىستلىرى كۆپىيىپ ئاران 30 غا يېقىنلاشقان. قويغان
تىياتىرى 22 گە، كونسېرتى ۋە ئېپزوتلار بولۇپ 50 نەچـ
ـچىگە يەتكەن.

### كىنوچىلىق جەھەتتە:

1924 ـ يىلى قەشقەردە تۇنجى قېتىم كىنو قويۇلدى.
قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر زات مەتنىياز مەخـ
ـسۇم قاتارلىقلار 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «كىنو
تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇپ 1931 ـ يىلدىن باشلاپ
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان كىچىك تېپتىكى قول بىلـ
ـلەن ئايلاندۇرۇپ توك ھاسىل قىلىدىغان ماتور، كىنو قو-
يۇش ئاپپاراتى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۈسكۈنە بىلەن
ئاۋازسىز كىنو قويۇشقا باشلىغانىدى. 1937 ـ يىلى ئە-
تىيازدا بىرنەچچە بايلار بىرلىشىپ قەشقەر يارباغدا 500 تا-
ماشىبىن سىغدۇرالايدىغان بىر كىنوخانا ياساپ نامىنى «قەش-
قەر كىنوخانىسى» دەپ ئاتىغانىدى، كېيىن تاقىۋېتىلگەن.
1947 ـ يىلى بۇ كىنوخانا گىراژدانلار جەمئىيىتىگە سېتىپ
بېرىلىپ نامى «سوۋېت گىراژدانلار كىنوخانىسى» دېيىل-
گەنىدى، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن

سەنئەت تەشكىلاتى ئىدى. سانايى نەفىس ئەمدىلا قۇرۇل-
غان چاغدا سەككىز نەپەرلا ئارتىسى بار ئىدى، تۇرسۇن
ئاكا (ئۇيغۇر) ئۆزبېك خەلق مۇسىقىلىرىنى ۋە ناخشىلىرىنى
ئۆگەتكەن ھەمدە قەرەلسىز ھالدا جايلارغا بېرىپ ئويۇن
قويغان. 1937 - يىلى سانايى نەفىس ئۇبۇلقاسىم قاتارلىق
ئون نەچچە كىشىنى سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. 1938 -
يىلى ئۇلار ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ دراما تەييار-
لاشقا باشلىغان، مۇشۇ مەزگىلدە سانايى نەفىسنىڭ ئارتىست-
لىرى تەرەققىي قىلىپ 20 دىن ئاشقان، سازەندىلىرى بەش
كىشىگە يەتكەن.

قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشلامچىلىق بىلەن مەبلەغ
چىقىرىپ ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەنى قوزغىتىپ
ياسىغان قەشقەر خەلق كۇلۇبى 1940- يىلى ئىشقا كىرىشتى.
كۇلۇب پۈتۈپ پات ئارىدىلا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما سا-
نايى نەفىس ئۆمىكى كۆچۈپ كىرىپ ئويۇن قويۇشقا باش-
لىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ سەنئەت ماھىرلىرى كون-
سېرت نومۇرلىرىنىلا ئورۇنلاپ چوڭراق سەھنە ئەسەرلىرى-
نى ئورۇنلىيالمايدىغان «چايخانا سەنئىتى» بىلەن مەڭگۈ
ۋىدالاشتى. كۇلۇب چايخانىنىڭ ئورنىنى، سەھنە چاي شە-
رىسىنىڭ ئورنىنى، دراما - ئوپېرالار كونسېرتنىڭ ئور-
نىنى ئالدى. قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىس قەش-
قەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىغا «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر-
زۆھرە»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ئارشىن مال ئالان»،
«ساماق ئاكاڭ قاينايدۇ» قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپ-
تىكى دراما، ئوپېرالارنى تەقدىم قىلغان.

1949 - يىلدىن بۇرۇن، گەرچە قەشقەر ئۇيغۇر ئۇ-

كېيىن بولۇپ ئەمەت زىيا، ئالىم ئاخۇن (شىنجاڭ «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» قەشقەر ياچېيكىسى ئەزاسى) لار باش مۇھەررىر بولغان. 1947 - يىلى، قايتا «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلىپ ئەمەت زىيا گېزىتخانا باشلىقى، ھامۇت سىدىق مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ چىقىرىلىشتىن توختىتىلغان.

**نەشرىياتچىلىق جەھەتتە:**

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، بىر تۈركۈم ئىلغار ئۆلىمالارنىڭ تەشەببۇسى ۋە باۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قەشقەردە «مەتبەئى خۇرشىد»، «مەتبەئى نۇر» دېگەن تاش مەتبەئەخانا بارلىققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي تاقىلىپ قالغانىدى. 1910 - يىلى ئاتاقلىق پېداگوك، ئالىم ئابدۇقادىر داموللا يېڭىسارلىق نۇرھاجىم بىلەن بىرلىكتە قەشقەردە «نۇر» مەتبەئەخانىسىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈزۈلگەن دەرسلىك ماتېرىياللارنى باسقانىدى. 1933 - يىلى قەشقەر «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ باسما زاۋۇتىمۇ قۇرۇلغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئاخىرى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچىدىمۇ مەتبەئەخانا ئېچىلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا لازىملىق كىرىم ئالۇنى، چىقىم تالۇنى، ھېساب دەپتىرى قاتارلىقلارنى باسقاندىن سىرت يەنە «ھەدىيەك شېرىن» نىمۇ باسقان.

**كۇتۇپچىلىك جەھەتتە:**

قەشقەردە كۇتۇپچىلىك (كىتاب ساقلاش، كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئارىيەت بېرىش) كەسپى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا يەنى 1260 - يىللاردا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاۋازسىز كىنولىرى قويۇلغان. 1939- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما، قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى بىلەن يىغىپ 1700 ئاماشىنى سىغدۇرالايدىغان بىر كىنوخانا (يەنى بۈگۈنكى قەشقەر شەھەرلىك ھېيتگاھ كىنو- تىياتىرخانىسى) ياسىغان، 1940 - يىلى پۈتۈپ ئىش باشلىغان، كىنو ۋە ئەدەبىي سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇپ قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى مولللاشتۇرغانىدى.

گېزىتچىلىك جەھەتتە:

1933 - يىلى، تەرەققىيپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئاقارتىش تەربىيىسىنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى چىقارغان؛ 1934- يىلى 8 - ئايدا يەنە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە ئىجتىمائىي زۇلمەتكە قارشى تۇرۇپ خەلقنى مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاقارتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان «يېڭى ھايات گېزىتى» گە ئۆزگەرتىپ تارقىتىلدى؛ 1937 - يىلى مەزكۇر گېزىت «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ بارلىق چىقىملىرى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىپ «خەلپەت سوزۇك ھاجى (سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن) قاتارلىقلار تەھرىرلىكىنى قىلغان. گېزىت تارقىتىلىشتا ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىغا يۈزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا خەنزۇچە گېزىتنىڭ شاپىگراف باسمىسىمۇ نەشىر قىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلغان. 1946- يىلى 5- ئايدا «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» «ئالغا» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى

# 30 - يىللاردا قەشقەر جەمئىيىتىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ھەققىدىكى ئەسلىمىلەردىن پارچە

ماتېرىيال بەرگۈچى: ئابدىرېھىم رازى*

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشىت ھاجى

مەن 1913 - يىلى تۇغۇلغان. 17 يېشىمغىچە ئائىلىدە دىنىي مەكتەپتە، يەنى دىنىي مەكتەپ تەربىيىسىدە بولدۇم. كېيىن جەمئىيەتكە چىقىپ 60 يىل ئىشلىدىم، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئازارچىلىق بىلەن ئۆتتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خۇشال ئۆتكۈزمەكتىمەن. ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىم، ئەمدىلا خىزمەتكە چىققان ۋاقىتتا قەشقەر جەمئىيىتىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمدا قايتا نامايەن بولۇشقا باشلىدى: مېنى ئوقۇتۇپ، مەن بىلەن بىرگە خىزمەت ئىشلەپ كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئۇستاز ۋە سەبداشلىرىم يادىمغا يەتتى. شۇڭا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ چالا، سىستېمىلىق بولمىغان بۇ ئەسلىمە پارچىلىرىنى يې-

* ئابدىرېھىم رازى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئاياغ يېزىسىدىن، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى.

چاغتاي ئۇلۇسىنىڭ باشبۇغىسى مەسئۇد كىتابلار تەرىپىد
ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن «ساچىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ ئورنى
«مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنى ياسىغاندا يېڭىدىن «سائادە
كۇپخانىسىنىمۇ ياساپ، تۇرغۇزۇلغان داڭلىق ئەسەرلەر
يىغىپ ساقلىتىپ، «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ تالىپلىر
سىنىڭ ئوقۇشىغا، پايدىلىنىشىغا قولايلىق ياراتقان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئومۇمەن قەشقەردە ياسا
خانىلىكى مەدرىسىلەر كۇتۇپخانا تەسىس قىلىپ كىتاب ـ ما
تېرىيال يىغىپ ساقلاپ تالىپلارنىڭ ئوقۇشىنى تەمىنلەيتتى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، يېڭىچە مە
دەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشى
قەشقەردە ھەرقايسى جايلاردا كۇتۇپخانىلار بارلىققا كېلىش
كە باشلىغان. 1936 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر ئويۇشمىسى
ئەنجان كوچىدا كۇتۇپخانا ئېچىپ مۇھەممەت خانى باش
قۇرۇشقا مەسئۇل قىلغانىدى. كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب
لاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، تا
تارچە يېزىقتىكى كىتابلار بار ئىدى. 1940 ـ يىلى «قەش
قەر خەلق كۇلۇبى» پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن،
ئىچىدە خېلى يورۇق ئازادە كىتاب ئامبىرى ۋە قىرائەتخانا
تەسىس قىلىنغانىدى، كۇتۇپخانا ھەر دائىم جەمئىيەتكە
ئېچىلاتتى. باشقۇرۇشقا ئابدۇسالام مەسئۇل بولغانىدى. كې
يىن يەنە خەلق مائارىپ يۇرتى قۇرۇلۇپ ئىچىدە قىرائەتخانىمۇ
تەسىس قىلىنىپ جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلگەن. گەرچە ئازاد
لىقتىن بۇرۇن قەشقەردە يۇقىرىقى كۇتۇپخانىلار بولغان
بولسىمۇ، لېكىن نەشرىيات ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغاچقا
كىتاب چىقىرىش تولىمۇ چەكلىك ئىدى، ساقلانغان كىتاب
ۋە ساقلاش ئەسلىھەلىرىمۇ ئىنتايىن چەكلىك بولغانىدى.

ئۇستازىم يۇسۇپ زىيائى ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىدا خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشقانىدى:

1. 1928- يىلدىن 1932- يىلغىچە، يارباغدا ئابدىرېھىم بايۋەتچە دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا ئۆز ئۆيىدە بوغالتىر ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 4-5 قارار كۇرس ئېچىپ، ھەر قارارda، 15 - 20 كىچە ھېسابچى تەربىيىلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەشقەردىكى داڭلىق ھېسابچى رىشاتخان ئېلىمۇ مۇشۇ يۇسۇپ زىيا ييىنىڭ قولىدا دەسلەپكى بوغالتىرلىق بىلىمىنى ئۆگەنگەنىكەن.

2. نۇربېشى مەكتەپ، دوغىبەگ كۆلبېشى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئوقۇغۇچىلارغا ھەمىشە ياخشى ئۆگىنىش، ئىلىم - پەن ئىگىلەش، ئىتتىپاق بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى ھەم شۇ مەزمۇندىكى شېئىر-قوشاقلارنى دېكلىماتسىيە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتەتتى، مېنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرىدىن بىر ئىككى كۇپلېتى تۆۋەندىكىچە:

يوق بىزلەردە ئىتتىپاق، شۇڭلاشقا مىللەت زەبۇن،
يوق بىزلەردە ئىلىم - پەن، شۇڭلاشقا مىللەت زەبۇن،
يوق بىزلەردە ھۆنەر-سانائەت، شۇڭلاشقا مىللەت زەبۇن،
يوق بىزلەردە مەدەنىيەت، شۇڭلاشقا مىللەت زەبۇن.

3. 1936 - يىلى كۈزدە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىۋىتسىيە دىنكەشلىرىگە قارشى ئېلىپ

زىپ چىقتىم. قېرىغاندا سىڭدۈرگەن بۇ ئازراق ئەجرىم ياش ئەۋلادلارغا قارىتا جەمئىيەت تارىخىي تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، قەشقەرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ئازراق ياردەم بېرەلىسە مەن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن.

## ۋەتەنپەرۋەر زىيالى — يۈسۈپ زىيايى

يۈسۈپ زىيايى 1890 - يىلى قەشقەر كونىشەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىدە) كونا ئۆردا كوچىسىدىكى ئۆراھىم ئاخۇن سەرراپ (تىجارەتچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆراھىم سەرراپ ئوغلى يۈسۈپنى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن. بىلىم ئېلىشقا تەشنا يۈسۈپ دىنىي مەكتەپتە دىنىي ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن تۈركىيىگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرغان. تەخمىنەن 1920 - يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1928 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە يارباغدىكى ئابدىرېھىم بايۋەتچى دۇكىنىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلىدە بىر تەرەپتىن دۇكاندا ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆز ئۆيىدە بوغالتىر ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان. 1933 - يىلى نوربېشىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر مەكتەپنىڭ ھېساب مۇئەللىمى بولغان. كېيىنچە دوغىبەگ كۆلبېشى مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1937 - يىلى شېڭشىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ناھەق قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

بىلەن، دىن تارقىتىشنى تەڭ تۇتقان ئورۇن بولۇپ، خىرىس-
تىئان دىنى مۇخلىسلىرىنى تەربىيەلەشنى دوختۇر تەربىيە-
لەش بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بارىدىكەن، قەشقەرلىك «ھەسەن
شۋېت» تەرجىمانلىقىنى قىلىدىكەن. «شۋېتنىڭ جايى»دا
تەنتەربىيە مەيدانى بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن
كېيىن پۇتبول ئوينىلىدىكەن. شەھەرنىڭ ھەر قايسى كوچى-
لىرىدىن چىققانلار بۇ يەرگە كېلىپ پۇتبول كۆرىدىكەن.
شۇ يىللىرى كۈز ئايلىرىنىڭ
بىر كۈنى ئىدى. دەرستىن چۈشۈپ، مەن يەنە توققۇزالىق
ساۋاقداشلاردىن ئۇرايىم توختى، قاسىم مەممەت قاتارلىق
ئون نەچچە ئوقۇغۇچى بىرلىكتە «شۋېتنىڭ جايى»غا پۇتبول
كۆرگىلى باردۇق. توپ مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدا نۇر-
غۇن كىشىلەر پۇتبول كۆرۈۋاتاتتى. شۇ پەيتتە بىر شۋېت
بىز تۇرغان جايغا يېقىن يەردە توپ تېپەۋېتىپ يىقىلىپ
چۈشتى. ئارقىدىنلا تاماشىبىنلار ئارىسىدا قاتتىق كۈلكە سا-
داسى كۆتۈرۈلدى. ئىزادىن ئاچچىقى كەلگەن شۋېت كۈل-
گەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇچۇقداپ ئاچچىقىنى چىقارماق بو-
لۇپ بىزنى قوغلىدى. تاماشىبىنلار تەرەپ - تەرەپكە قاچتى،
بىزمۇ قاچتۇق. شۇ ئارىلىقتا شۋېتلەر ساۋاقداش قاسىم
مەممەت بىلەن ئۇرايىم توختى ئىككەيلەننى تۇتۇۋاپتۇ. ئار-
قىدىنلا ھەممە شۋېتلەر بىرلىشىپ بۇ ئىككەيلەننى قاتتىق
ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ. كەچ بولغاندا ياخشى نىيەتلىك
ھارۋىكەشلەر بۇ ئىككى بالىنى ھارۋىغا سېلىپ دارىلمۇ-
ئەللىمىن مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر مەكتەپ
ئىچىدە تارقالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئا-
رىسىدا چەت ئەل ئەجنەبىيلىرىگە قارشى غەزەپ - نەپرەت

بارغان. نامايىشنى ئاكتىپ قوللىغان ۋە ئاساسلىق يېتەكچىلـ
لىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان.

4. 1933 ـ يىلدىن كېيىن، قەشقەردە يېڭى مائارىپ دول-
قۇنى قوزغىلىپ، ھەممە يەردە مەكتەپ سېلىش ئەۋجىگە چىق-
قان ۋاقىتتا، يۈسۈپ زىيايى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىز-
مىتىنى ياخشى ئىشلىگىنىنىڭ سىرتىدا، يەنە شەھەر ئەتراپىغا
چىقىپ يېڭى مەكتەپلەرنى لايىھەلەش، ياساشقا پىلان-
مەسلىھەت بەرگەن.

5. يېڭىچە مەكتەپلەر سېلىپ يېڭى ئوقۇغۇچىلار كۈن-
سايىن كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا دەرسلىك يېتىشمەسلىك
ئىنتايىن بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولغانىدى. دەل مۇ-
شۇ چاغدا يۈسۈپ زىيايى مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە دەرس-
لىك تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان ھەم شەخسەن ئۆزى
قول سېلىپ ئىشلىگەن.

## شۋېت ئەجنەبىيلىرىگە قارشى نامايىش

1936 ـ يىلى قەشقەردە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچى-
لىرىنىڭ شۋېت ئەجنەبىيلىرىگە قارشى نامايىشى كۆتۈرۈلگەن.
قىسقىچە ئۆتمۈشى مۇنداق: ئۇ چاغدا، قەشقەر دارىلمۇئەل-
لىمىن ھازىرقى ئوردا ئىشىكى يولىدىكى «قەشقەر شەھەرلىك
ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتىپى» ئىچىدە ئىدى، قەشقەردە شۋ-
ېتسىيە ئەجنەبىيلىرىنىڭ دىن تارقىتىش ئورگىنى بولۇپ،
خەلق ئىچىدە «شۋېتنىڭ جايى» دېيىلەتتى. «شۋېتنىڭ جايى»
بۈگۈنكى خەلق غەربىي يولىنىڭ شىمالىدىكى «سوخوسودا سارى-
يى» نىڭ تۇۋىگە توغرا كېلىدۇ. «شۋېتنىڭ جايى»، دوختۇرلۇق

ۋە مەن 1935- يىلىدىن 1937- يىلىغىچە توققۇزاق يېزىسىدا بىرلىكتە مائارىپچىلىق قىلغان سەبداشلارمىز. ئابلارازى، ئىسمائىل ھەققى ئەينى ۋاقىتتا ئۇستۇن ئاتۇشلۇق ئاكا - ئۇكا مۇسابايوۋلار ئاچقان «ھۆسەينىيە» دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا ئوقۇپ يۇرتىغا قايتىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغالغاندا مائارىپچىلىق قىلغانلار ئىدى. ئىسمائىل ھەققى يەنە توققۇزاق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا مۇدىر بولۇپمۇ ئىشلىگەن. بۇ ئىككى نەپەر سەبدىشىم 1937- يىلى شېڭ شىسەي ئېلىپ بارغان چوڭ تۇتقۇندا تۇتۇلۇپ كېتىپ، قەشقەر كونىشەھەر ياغباغدىكى تۈرمىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

«تاش موللام» — كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ توققۇزاق، زەمىن، ئوغۇساق ئەتراپىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئاسارەتلىك، زالالەتلىكنىڭ تىپىك سىمۋولىدۇر. ئۇنىڭ ئورنى بۇگۈنكى زەمىن يېزىسىنىڭ يېڭىئېرىق كەنتىگە توغرا كېلىدۇ. «تاش موللام» بىر مازارنىڭ نامى بولۇپ، خېلى ئۇزۇن يىللار بۇرۇن بۇ ئورۇندا ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن كۆپرەك، ئايلانمىسى بىر مېتىردىن چوڭراق كېلىدىغان بىر ئورە تاش بولغان. مازار شەيخلىرى ئورە تاشنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر يۇمىلاق تاشنى ئېلىپ قويۇپ «سەللە» ياسىغان، ئاستى تەرەپتە ئىككى يانغا يەنە ئىككى پارچە ئۇزۇنچاق تاشنى قويۇپ «كەش» قىلىپ بەرگەن. ئارقىدىنلا ھاسىل بولغان بۇ شەكىلگە «تاش موللام» نامىنى بېرىپ بىر ئەپسانە توقۇغان: «بۇ ‹موللام› سۇ مۇئەككىلى، ‹موللام› تۇۋىدە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، سۇ تىلىسەك سۇ كۆپىيىدۇ، ئاندىن دېھقانچىلىق ئوخشايدۇ». بۇ ئەپسانە كەڭ تارقىلىپ خەلقنى ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق

قايناپ تېشىپ كېچىلەپ بېرىپ ئۈچ ئالماق بولۇشتى. كې-
يىن ئوقۇتقۇچىلار نەسىھەت قىلىپ تۇسۇش بىلەن بىز ۋا-
قىتتا، تەشكىللىك نامايىش قىلىشقا كۆندۇردى. ئەتىسى
دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ، نۇر بېشى مەكتەپىنىڭ 500 دەك
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىسى تىزىلىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش
قىلدۇق. شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق كوچىلارنى ئايلىنىپ
«يوقالسۇن جاھانگىرلار»، «يوقالسۇن ئەجنەبىيلەر يالاق-
چىلىرى»، «ئەجنەبىيلەر قەشقەردىن چىقىپ كەتسۇن» دې-
گەن شوئارلارنى ياڭرىتىپ «شىۋېتنىڭ جايى» ئالدىغا كەل-
گەندە، ئەجنەبىيلەر دەرۋازىنى تاقاپ ئۆزىنى دالدىغا ئې-
لىپ، تەرجىمان ھەسەن شىۋېت (ھەسەن ئەسلى قەشقەرلىك
ئادەم، ئۇ شىۋېتلەرگە تەرجىمانلىق قىلغىنى ئۈچۈن يەر-
لىك كىشىلەر ھەسەن شىۋېت دەيتتى) نى ئالدىمىزغا چىقى-
رىپ «ناماقۇل» بولدى. بىز «شىۋېتنىڭ جايى» ئالدىدا
نامايىش قىلىپ، شوئار توۋلاپ، ھەيۋىمىزنى يەنە بىر
مەرتىۋە كۆرسىتىپ قويۇپ، قايتىپ كىردۇق. ئەتىسى «شى-
ۋېتلەر» مەكتەپكە ئادەم كىرگۈزۈپ تاياق يېگۈچىلەرنى،
گۇۋاھچىلارنى چىللاپ «شىۋېتنىڭ جايى» غا ئېلىپ چىقتى.
بىز چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن «شىۋېتلەر» نىڭ كاتى-
تىپىشى يەنە ناماقۇل بولۇپ بىزگە ئۆزرە ئېيتتى. مۇشۇ
ئىش يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي «شىۋېتلەر» قەشقەردىن
قايتىپ كەتتى.

## ئابلا رازى، ئىسمائىل ھەققى ۋە «تاش موللام»

ئابلا رازى، ئىسمائىل ھەققى (قەشقەردە ئۆتكەن ئا-
تاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىنىسى)

پەيدى ياتقان كامېرنى كۆرىمىز» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدىن كېيىن تۈرمە تەرەپ كامېرنى كۆرۈشكە يول قويغانىكەن. ئەپەندىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئەگىشىپ بىر مۇنچە كىشىلەر شۇ كامېرنى كىرىپ كۆردى. مەنمۇ شۇ قاتاردا ئەگىشىپ كىرىپ كۆردۈم. قارىساق كامېر ئىشىكىنىڭ كەينىگە چالما بىلەن بىر كۇبلېت شېئىر يېزىلغانىكەن. ئۇنىڭدىن مۇنۇ ئىككى مىسراتا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

تاقىتىم تاق ئولدى، مەھبۇسلارنىڭ كىشەن ساداسىدىن،
يۈرەكىم چاك بولدى، بۇلارنىڭ سەھەر تارتقان ئاھۇ زارىدىن.

كامېر سىرتىغا چىققانىدىن كېيىن باشقىلاردىن مەرھۇم تەۋپىق ئەپەندى جان تالىشىۋاتقان پەيتتە مۇنداق بىر پارچە شېئىر يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن دېگەننى ئاڭلىدىم. كېيىن شېئىرغا قىزىقىش ھېسسىياتىم بىلەن باشقىلاردىن تىلەك - تىڭلاپ يۈرۈپ مۇنداق بىر نەچچە مىسرا شېئىرنى يادقا ئېلىۋالغانىدىم:

نەچچە يىل كەزگەنىدىم، دىيارى غۇربەتنى،
كۆرمىگەنىدىم، مۇندىكى ئازاب-ئوقۇبەتنى.
ئاقىۋەت يۇرتقا كېلىپ خەلق ئۈچۈن قىلىپ خىزمەت،
مۇكاپات ئۈچۈن ئالدىم، بۇ ئازابى - كۈلپەتنى.
قۇلاقلىرىم كاس بولدى مۇندە خەلقىنىڭ ئاھۇ-پىغانىدىن،
نە بولۇر يوقالسا زالىم، مەھكۇم ئەلنىڭ داد-پەريادىدىن:

كېيىن تاغام يۈسۈپ زىيايىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، كېپەنلەپ، ئاپئاق غوجام مازارلىقىغا دەپنە قىلدۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ بولغانكى، ھېلىقى سەبداشلىرىم ئابلا رازى بىلەن ئىنىسى ئېلى ھەققىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئىزدەپمۇ تاپالمىغانىدۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى نەپەر سەبدىشىم قەبرىسىز قالدى.

يۈز بەرسە، بىر نەچچە نۆۋەت «تاش موللام» غا بېرىدىپ، «سۇ تىلەش» خەلق ئارىسىدىكى ئادەتكە ئايلانغان. ئابلا رازى، ئىسمائىل ھەققى 30 ــ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بۇ «تاش موللام» نىڭ سىرىنى يەشكەن: ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ بېرىپ «تاش موللام» نى ھارۋىغا بېسىپ توققۇزاق بازىرىغا ئەكىلىپ بازار ئوتتۇرىسىدا 15 كۈن «توختىتىپ» قويغان. كېيىن تازا قىزىق بازار بولغان بىر كۈنى«تاش موللام» نىڭ ئۈستىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈپ راسا قىـ زىغاندا ئۈستىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇپ نەچچە پارچىغا پارچىلىنىۋېتىپ «تاش موللام » نىڭ سىرىنى ئاممىغا ئاشكارىلىغان. بۇ ئەمەلىي مىسالدىن تەربىيە ئالغان خەلق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تاش موللام» دا نەزىر ـ چىراغ قىـ لىمىدىغان ماددىي نەرسە ۋە پۇللارنى ئېرىق ـ ئۆستەڭ قېـ زىش، سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپ، قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

## يارباغ تۈرمىسىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم

تاغام يۈسۈپ زىيايى 1937 ـ يىلى يارباغ تۈرمىسىدە شىڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرمە تەرەپ چىقارغان «جەسەتنىڭ ئىگىلىرى ئېلىپ كەتمىسە، تۈرمە تەرەپ مەسئۇل بولۇپ دەپنە قىلىدۇ» دېگەن ئېلانغا ئاسا- سەن بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بىرگە جەسەت يۆتكەپ كېتىشكە تۈرمىگە كەلدۇق. ئاتۇشلۇق مەمتىلى تەۋپىقنىڭ تۇغقانلىرىمۇ مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشكە كەل- گەنىكەن. مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىمنىڭ تۇغقانلىرى «ئە-

ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ماسلىشىپ بىرلىكتە خىزمەت ئىشلىگەن.

ياڭ زېڭشىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، قەشقەردىن چەت ئەلگە چىقىدىغانلار ئۆتىدىغان بارلىق چېگرا ئېغىزلىرىنى باج ئىشلىرى ئىدارىسى باشقۇراتتى. چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىدىكى باشقۇرغۇچى خادىملار ھەمىشە چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلاردىن ۋە ئېلىپ ماڭغان سودا ماللىرىدىن خالىغانچە باج ئالاتتى، ئەتكەسچىلەر بىلەن باجگىرلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ھەددى-ھېسابسىز بېيىپ كەتكەن، ھەتتا ئەنگلىيىلىك ئەتكەسچى سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا زور مىقداردا ئەپيۇن كىرگۈزۈپ، ئۇنى يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇزاق مەزگىلگىچە زەھەرلەپ كەلگەنىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى كۆپەيتىلگەن. قەشقەر رايونلۇق تاموژنا بىردىن خىزمەتچى خادىمنى ئاجرىتىپ باج ئىشلىرى ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، ئۈچ چېگرا ئېغىزىغا بېرىپ چېگرىدىن كىرگۈچى-چىققۇچى خادىملارنى قاتتىق تەكشۈرگەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ 36-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ( يەنى 1947-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ) قەشقەر تاموژنىسى « ئەپيۇن چەكلەشتە جەرىمانە قويۇش، مۇكاپاتلاش چارىسى » نى ئېلان قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىگەن:

بىرىنچى ماددا، ئەپيۇن چەكلەش جەرىمانىسى زەھەرلىك بۇيۇملارنى چەكلەش جەرىمانىسىنىڭ ئىچىگە ئالىندۇ. مۇكاپاتلاش تۆۋەندە دېيىلگەن چارە بويىچە تەقسىملىنىدۇ، ئەپيۇن، زەھەرلىك بۇيۇملار ئەن-

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قەشقەر تامۇژنىسى

شۆنجۇنروڭ ئېيتىپ بەرگەن ، يىجيالڭ رەتلىگەن

قەشقەر ئەزەلدىن بېرى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چېگرىدىن كىرىپ - چىقىدىغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر بارغانسېرى كۆپەيگەنىدى، قەشقەر رايونىدىكى چېگرا ئېغىزلار تەكشۈرۈش پونكىتى يەنى ئەڭ دەسلەپكى تامۇژنا ئېھتىمال مۇشۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان بولسا كېرەك. قەشقەر تامۇژنىسى دەسلەپتە قۇرۇلغانىدا كونىشەھەر تاش بازىرى (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى تاش بازىرى كوچىسى) غا قۇرۇلغان، ھازىرقى ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ ئورنى شۇ. ئەينى چاغدىكى تامۇژنىدا بىرلا كىچىك قورۇ بولۇپ، ئۆي ئىگىلىگەن كۆلەم تەخمىنەن 150 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. ھەممىسى خام قىشتىن سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر ئىدى، ئارقا ھويلىدا بىر كىچىك بېغى بولۇپ 200 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. تامۇژنىدا بار-يوقى تۆت نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بىرەيلەن تامۇژنا باشلىقى ئىدى؛ قارىمىقىدا ئۈچ چېگرا ئېغىز باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغانىدى. يەنى قاغىلىق تارماق تامۇژنا، تاشقورغان تارماق تامۇژنا، ئەركەشتام تارماق تامۇژنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر شۆبە تامۇژنىدا بىردىن خىزمەتچى خادىم بار ئىدى، ئۇلار باج

زەھەرلىك بويۇملارنى تازىلاش كېيىنكى ئىشلىرىنى ئىشـ
لەش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ.

تۆتىنچى ماددا، سوت ئورگانلىرى ھۆكۈم قىلغان ئەپـ
يۇن چەكلەش جەرىمانىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ ئىجرا
قىلىنىشقا يوللانغاندا باشقۇرغۇچى شۇ ناھىيە، شەھەرلىك
ھۆكۈمەت ئىككىنچى ماددىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ھېـ
سابلاپ چىقىپ سانىنى ئېلان قىلىپ تەقسىملەپ بېرىدۇ.

بەشىنچى ماددا، ھۆكۈم قىلغۇچى ئورگان ئىجرا قىـ
لىش جەريانىدا ئېلىنغان ئەپيۇن چەكلەش جەرىمانىسىنى
كونىلار بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈپ، ئايدا ئېلان قىلىنىشى
ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ ئىچكى
ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ بېـ
رىش ئۈچۈن دوكلات قىلىشى، ئىككى نۇسخا جەدۋەل تۈـ
زۈپ يوللىشى لازىم.

ئالتىنچى ماددا، مەزكۇر چارە ئېلان قىلىنغان كۈنـ
دىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

پەرمان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تاموژنا خىزمەتـ
چى خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كەسـ
كىن خىزمەت تۈزۈمى، ئەتكەسچىلەرگە، زەھەرلىك بويۇمـ
لار ھايانكەشلىرىگە بەلگىلىك زەربە بەردى. بۇنىڭدىن ئىلـ
گىرى باش تاموژنا مەھكىمە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىزـ
مەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىنگلىزچە تىل بىلىدىغان، مۇسـ
تەقىل خىزمەت ئىقتىدارى بار نەچچە ئونلىغان تاموژنا خاـ
دىمىنى يۆتكەپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تاموژنـا
ئېغىزلىرىغا تەقسىم قىلىپ، تاموژنىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ھوـ
قۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرغانىدى. ليۇ جەنشۈن تاشقورغان تارـ

زىسى تۆپەيلىدىن مۇسادىرە قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغان مۇ-
لۈكلەرنىڭ قىممىتى ئۆزگەرسە بۇ ئەپيۇنىسى مەلىمىسى قى-
لىش جەرىمانىسى بىلەن ئوخشاش قارىلىدۇ.

ئىككىنچى ماددا، ئەپيۇن چەكلەش جەرىمانىسى تۆ-
ۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ:

① پاش قىلغۇچى كىشىنىڭ دوكلات قىلىشى بىلەن
چاش بولۇپ قولغا چۈشكەن جەرىمانە پۇلدىن 50 پەرسەنتى پاش
قىلغۇچىغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ؛ 20 پەرسەنتى مەزكۇر ئەن-
زىنى قولغا چۈشۈرگەن خادىم، ساقچىغا مۇكاپات قىلىپ بې-
رىلىدۇ؛ 10 پەرسەنتى شۇ باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ سوت قىلغۇچى
ئورگىنىغا ئومۇمىي خىراجەت ئۈچۈن بېرىلىدۇ؛ ئېشىپ قال-
غان 20 پەرسەنتى شۇ جاينىڭ ئەپيۇن، زەھەرلىك بويۇملىرىنى
تازىلاشتىكى كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن راسخوت قىلىپ
بېرىلىدۇ.

② تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان خادىم، ساقچى ئۆ-
زى قولغا چۈشۈرگەن جەرىمانە بولسا، ئۇنىڭ 50 پەرسەنتى تەك-
شۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن مەسئۇل خادىم، ساقچىغا مۇكاپات قىلىپ
بېرىلىدۇ؛ 10 پەرسەنتى ھەمكارلاشقۇچى خادىمغا مۇكاپات قى-
لىپ بېرىلىدۇ، 10 پەرسەنتى شۇ باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ سوت قىل-
غۇچى ئورنىغا ئومۇمىي خىراجەت ئۈچۈن بېرىلىدۇ. قال-
غان 30 پەرسەنتى شۇ جايدىكى ئەپيۇن، زەھەرلىك بۇيۇملارنى تا-
زىلاش كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن راسخوت قىلىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى ماددا، ئالدىنقى بەلگىلىمە بويىچە مۇكا-
پات بېرىلىشتە تېگىشلىك بولۇپ، مۇكاپات بېرىلىشنى خالىمى-
غان ياكى بېرىلىشتە تېگىشلىك بولىسىمۇ بىر يىلغىچە ئالمى-
غان بولسا، بۇ مۇكاپات سوممىسى شۇ جايدىكى ئەپيۇن

بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇشى جىددىي بولغاچقا، قەشقەر تامۇژنىسى تارماق تامۇژنا باشلىقىنى كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ، ۋاڭ دىگمىڭنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ چۈشكەن، كېيىن كونسۇلخانا ئىلتىماس قىلىپ چېگرىدىن كىرىدىغان ئاپتوموبىللار چازا سالىدىغان قىسىملار تەرىپىدىن قوغداپ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ شۆبە تامۇژنىدا رەسمىيەت بېجىرىلىدىغان بولغان. بىرىنچى قېتىم سوۋېت تەرەپ ئەمەلدارلىرىنى قوغداپ چېگرىدىن كىرگۈزگەندە، يولدا ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرىدىن 30 نەپەر كىشى ئۇلارنى قورشىۋالغان، شۇندىن كېيىن سوۋېت تەرەپنىڭ ئەركەشتام چازىسىدىن مال يۆتكىشى بىر مەھەل تەس بولۇپ كېتىپ، تاشقورغان، قاغىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تارماق تامۇژنا ئارقىلىق مال سودىسى قىلىنغان. ھەر يىلى تەخمىنەن 300دىن ئارتۇق ئادەم، 300 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان مال سىرتقا چىقىرىلىپ، كېيىن يەنە چەت ئەلدىن قەشقەر خەلقىگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرى، رەخت، رومال، دوپپا تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زەرلىك مەشۇت يىپ قاتارلىقلار، يەنە ئاز مىقداردا ياۋروپاچە داۋالاش دورىلىرى كىرگۈزۈلەتتى.

1948 - يىلى، ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىگەن، تاشقورغان تارماق تامۇژنا باشلىقى ليۇ جەنشۈن قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن. شۇندىن ئېتىبارەن تاشقورغان تارماق تامۇژنىدا رەسمىي ئەمەلدار بولمىدى، ئالاھىدە يېرىم

ماق تاموژنا باشلىقى؛ ليو فىڭجاڭ قاغىلىق تارماق تا-
موژنا باشلىقى، ۋاڭ دىڭمىڭ ئەركەشتام تارماق تاموژ-
نا باشلىقى بولغان.

شۇ چاغدا سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلققە ئېھتىياجلىق بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇرغۇنلىغان زاۋۇتلىرى ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت ئىچىدە كۈندىلىك بويۇملار ئىنتايىن قىس بولۇپ كەتكەنىدى، سوۋېت بىلەن قەشقەر يۇشىن شۆبە سودا شىركىتى ئالاقىلىشىپ مال سېتىۋېلىپ كېتەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ھەر ئايدا، ئىككى ئايدا بىر قېتىم ماشىنا ئەۋەتىپ سوۋېت چېگرىسىدىن كونسۇلخانىغا ئېھتىياجلىق بولغان بېنزىن، نېفىت، قەنت، تاماكا، ھاراق، رەخت قاتارلىق بويۇملارنى ھەم پوچتا يوللانمىلىرىنى ھۆججەت-خەت - چەك، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر فۇڭ باجسىز ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈپ چىقىراتتى. بىراق، بىر قېتىم تارماق تاموژنا باشلىقى ۋاڭ دىڭمىڭ سوۋېت تەرەپتىن كىرگەن كونسۇل خادىملىرىنى تەكشۈرۈپ، بىر نەپەر تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىنىڭ قورال ئېلىپ كىرگەنلىكىنى بايقىغان، بەلگىلىمە بويىچە چېگرىدىن خالىغانچە قورال ئېلىپ كىرىشكە ياكى ئەپچىقىپ كېتىشكە يول قويۇلمايتتى؛ ۋاڭ دىڭمىڭ ئۇنى يۈز تۆرانە ھالدا قورالنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، سوۋېت تەرەپ ئەمەلدارلىرى تاموژنا خادىملىرىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئەركەشتام تارماق تاموژنىسىنىڭ ئىشلىرى كۆپ، ئادەم ئاز

ئەركەشتام ئارماق ئامۇرنا تەسىس قىلىنىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان نورماللىق سودا ئالاقىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جەنۇبىي شىنجاڭنى بېنزىن، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، پاختا رەختلەر، پولات ماتېرىياللىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش مال قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن قۇرۇق مېۋە - چېۋە ، يۇڭ - تېرە قاتارلىقلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلدى. شۇ يىلى قىش پەسلىدە قاتتىق قار يېغىپ تاغ يوللىرى ئېتىلىپ كېتىپ توشۇش توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقتىن ، يول ئۆزگەرتىلىپ تۇرغات ئېغىزى ئارقىلىق مال ئالماشتۇرۇلدى . ھىندىستان ، پاكىستانغا قارىتىلغان سودا ئېغىزى ، ئەينى چاغدا ھىندىستان ، پاكىستان ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تېخى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھىندىستان ، پاكىستان مۇھاجىرلىرى ھەم قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھىندىستان، پاكىستان ئەلچىخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن، چېگرىدىن چىقىدىغان - كىرىدىغان سودىگەرلەر، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار پۈتۈنلەي توختىتىلغان.

**(سۇلتان داۋۇت تەرجىمىسى، ئابدۇرشىت ھاجى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن)**

يىلدىن سەل ئاشقاندىن كېيىن قەشقەر شۆبە تاموژنا بىر نەپەر ئىش بېجىرگۈچىنى ئەۋەتىپ تارماق تاموژنا خىزمىتىگە دەسسەتكەن. قاغىلىق تاموژنىسى ئاساسلىقى يەكەن، خوتەن ئەتراپىدىكى چېگرىدىن كىرگەن- چىققان سودىگەرلەر ۋە ھەج قىلغۇچىلارنى تەكشۈرەتتى. 1948 - يىلى، ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى تاشقورغاننى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن تاغ يولى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاغىلىقنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىگەن، تارماق تاموژنا باشلىقى ليۇ فىڭجاڭ ئات بىلەن گۇمىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىپ تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى قاغىلىقتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئاندىن تارماق تاموژنىغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلغان.

1949 - يىل 9 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىردى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ئەرپىسىدە، ئۈرۈمچى تاموژنىسى قەشقەر شۆبە تاموژنىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، چېگرا تاموژنىلارنى دەرھال تاقاپ، تاموژنا خادىملىرىنى پۈتۈنلەي ئۈرۈمچىگە چېكىندۈرۈپ كېلىشنى، ياللاپ ئىشلەتكەن يەرلىك كىشىلەرنى بىردەك ئەسلى يۇرتىغا قايتۇرۇشنى ئۇقتۇرغان. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بارلىق رەسمىيەتلەر تاماملىنىپ، ئىچكىرىدىن كەلگەن خادىملار ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىققان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئېغىزلار تاقىلىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ساقلىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1950- يىلى، شىنجاڭ تاموژنىسى ئۈرۈمچىدە قايتىدىن قۇرۇلغاندا يەنە بىر تۈركۈم خادىملارنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر شۆبە تاموژنىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا

5 ـ ئايىنىڭ 7 ـ كۈنى، قەشقەر كېلاۋخۇي (ئاغىلار جەمئىيىتى) كاتىپىشى بېيەن يۈگفۇ، ۋېي دېشى كۆپچىلىكنى باشلاپ ئىش تۇغدۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان شىنجاڭ تۇتۇقى يۈەن خۇگيۇ ئەر ـ خوتۇننى، شۇنداقلا مەسلىھەتچى سەركەردە تاڭ دىيەنخىڭ، يېڭىشەھەرنىڭ ئامبىلى جاڭ بىڭدېي قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى.

5 ـ ئايىنىڭ 18 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ باش تۇتۇقى، قوشۇمچە ئاۋام ئىشلىرى باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ۋاڭ شۆزېڭنى قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە، جۇۋجېدېنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا قويدى.

5 ـ ئايىنىڭ 22 ـ كۈنى، پېتېربورگدىن كەلگەن تېلېگراممىغا ئاساسەن، روسىيە ئەلچىسى: شىنجاڭ ـ قەشقەردىكى ئەنسىزچىلىك تۈپەيلىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، «مەزكۇر جايدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغدىيالمايۋاتىدۇ، ئەگەر بۇنداق بولۇۋەرسە روسىيە تەرەپ ئامالسىز ئەسكەر ئەۋەتىدۇ» دېدى. 24 ـ چېسلا شاڭخەي «مىنلىباۋ» گېزىتى يۇقىرىقى خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى.

6 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنى، جۇڭگو تاشقى مۇناسىۋەت مىنىستىرلىكى روسىيە ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ: روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا ئەزەلدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھەققىدە بەلگىلىمە بولغان ئەمەس، ئەگەر قوغداش ئەترىتى كەلگەن بولسا دەرھال چېكىندۈرۈپ كېتىپ تىنچلىقنى قوغداش لازىم، ـ دېدى. روسىيە ئەلچىسى بۇ كەپلەرگە پەرۋا قىلماي ئەسكەر ئەۋەتىپ تىنچىتىش مەيدانىدا تۇردى.

# قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار

ۋاڭ شىياڭ رەتلىگەن

## جۇمھۇرىيەت (1912 - 1949 - يىل) دەۋرى

### 1912 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 1 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭزۈەنشۈ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىلى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جۇمھۇرىيەتكە تەۋە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سابىق باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا بېيجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورايدىغانلىقىنى، قەشقەرنىڭ دوتەيى يۈەن خۇڭيۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى مەخپىي تۇتۇشنى ئۆتۈندى. 15 - كۈنى، بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تېلېگرامما بۇيرۇقى ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكى باش مۇپەتتىشنى تۇتۇققا ئۆزگەرتتى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يۈەن داخۇانىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلاپ، قەشقەرنىڭ دوتەيى يۈەن خۇڭيۇنىڭ شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى بولۇشىغا بۇيرۇق كەلدى.

كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ «قاتىللىرىنى جازالاش»ـ
قا، زىيانلانغۇچىلارغا ئۆزرە ئېيتىش، تەپقە بېرىشكە قىسـ
تىدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرى ۋاڭ بىڭكۈننىڭ قەشقەرگە دوـ
تەي بولۇشىغا بۇيرۇق كەلدى.

7ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى، قەشقەر ياساۋۇل بېگى جياۋـ
داجۇ، دوتەي ۋاڭ بىڭكۈنلەرنىڭ قەشقەر كېلاۋخۇيچىلارـ
نىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان تەنزىسىنى بىر
تەرەپ قىلىش چارىسى تەستىقلاندى.

8ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ مەركەزگە تېلېگـ
رامما يوللاپ: روسىيە ئەلچىسىگە نوتا تاپشۇرۇپ، «بۇنىڭ
پەقەت جۇڭگونىڭ ئىچكى ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى، چەت ئەللەر
بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق» لۇقىنى، ئەگەر شىنجاڭـ
قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتسە بۇنىڭ «ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك
ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ قويۇپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا
دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇش» ئېھتىماللىدىن ساقلىنىشنى ئېيتـ
تىشنى ئۆتۈندى.

8ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ ئېلى ئىنقىلابىي
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىكى ياڭ زەنشۇگە تېلېگرامما ئەۋەـ
تىپ، ئۇنىڭ قەشقەرگە ياساۋۇل بېگى، قوشۇمچە جارچىسىلاۋـ
چى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

8ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى، روسىيە ئارمىيىسى گىراژدان
سودىگەرلەرنى قوغداش باھانىسى بىلەن قەشقەر كونىشەھەرنىڭ
يارباغ دەرۋازىسىنى پارتلىتىۋەتتى، كۆتۈرۈلگەن ئولۇغ ئوت
بەختكە يارىشا يامغۇردا ئۆچۈپ قالدى. روسىيە قوشۇنلىـ
رى غالغۇيتۇپ شەھەرگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.
قەشقەردىكى ھەرساھە كېلاۋخۇيچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ،
ئوڭ ـ سول ئىككى ئامانلىق ساقلاش باتالىيونى تەشكىللەپـ

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردىكى گېلاۋخۇي ئەزاسى جىڭ كۈنشەن قاتارلىقلار ئادەم توپلاپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى، جىڭ كۈنشەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە كېرىيە ناھىيە چېرىيە كەنتى خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى پارتلىدى. قەشقەر گېلاۋخۇيىنىڭ كاتىپى بېيەن يۈگفۇ، ۋېيدېشى ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بەردى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى رۇسىيىنىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇنلىرىدىن 840 كىشى زەمبىرەك، پىلىموت، جەڭ ئېتى، ماشىنا قاتارلىقلارنى ئېلىپ، مىڭيول قاراۋۇلخانىدىن قەشقەرگە كەلدى، يەتتە ئورۇنغا بۆلۈنۈپ كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسىغا ئورۇنلاشتى. ياڭ زېڭشىڭ قەشقەر ياساۋۇل بېگى بىلەن دوتەيگە تېلېگرامما بېرىپ، رۇسىيە ئەسكەرلىرى چېگرىدىن كىردى، بىز تەرەپنىڭ ئەسكەر كۆپەيتىش زۆرۈرىيىتى يوق، ئىچكى جەھەتتىن تۈزەشكە ھەقىقىي تۇتۇش قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئىچكى جەھەتتىن سۈزۈلسە تاشقى ئاپەت ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ، دېگەن.

7 - ئايدا ياڭ زېڭشىڭ تاشقى ئالاقە مىنىستىرلىكىدىن سوراپ رۇسىيە تەرەپ بىلەن كەسكىن ئالاقىلىشىشنى ئۆتۈندى. رۇسىيە تەرەپ تەپتارتماي يەنە بىر قېتىم قەشقەرگە 500 ئەسكەر كۆپەيتىپ ئەۋەتىپ، دوتەي يامۇلىغا توپ، زەمبىرەك، پىلىموتلارنى توغرىلاپ قويۇپ، ئاپئاشكارا تەھدىت سالدى. 15 - كۈنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇل سوكوۋ بېيجىڭدىكى رۇسىيە ئەلچىسى ئارقىلىق يۈەن شىكەيىنى چېرىيە

بىرلىكىدىغان كۈمۈش توختىتىلىدىغان بولدى.

10- ئاينىڭ 5- كۈنى، ماجەنكۈينىڭ قەشقەر كونىشەھەر ئوتتۇرا قوشۇنىنىڭ ياردەمچى ئورۇن باسار سانغۇنى بولۇشىغا بۇيرۇق كەلدى.

10- ئاينىڭ 29- كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بەگلىكىنى ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرۇشىغا، ۋەزىپىسىگە بېرىشتىن بۇرۇن قەشقەر كونىشەھەردىكى ياردەمچى ئورۇن باسار سانغۇن ياڭ دېشىڭنىڭ مۇۋەققەت ئۆتەپ تۇرۇشىغا بۇيرۇق كەلدى.

شۇ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە بەزىلەر گومىنداڭ پارتىيە تەشكىلىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ زېڭشىڭ كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

## 1913- يىلى ( جۇمھۇرىيەتنىڭ 2- يىلى )

1- ئاينىڭ 10- كۈنى دوتەي تەپتىشكە ئۆزگەرتىلدى. ۋاڭ شۆزىڭ قەشقەر تەپتىشلىكىدىن قېلىپ، شىنجاڭ ئوردا ئىشلار مەھكىمە باشلىقى بولدى.

1- ئاينىڭ 28- كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ ئىلىدىن قەشقەرگە كەلدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجياڭ (كەپتاۋۇل) مۇ نۇۋانى بىلەن قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى، تاشقى مۇناسىۋەت ئالاھىدە خادىمى بولدى.

1- ئاينىڭ 30- كۈنى، روسسىيە كېنىرالىدىن سوندىپس قازاق ئاتلىق قوشۇنىدىن مىڭدەك ئادەمنى، توپچىلار قىسمىدىن 500 دەك ئادەمنى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى. ئاي ئاخىرىغىچە روسسىيەنىڭ قەشقەردىكى قوشۇنى 3000 دىن ئاشتى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن

بېيەنيۇڭفۇ، ۋېيدېشلەرنى باش قىلدى، روسسىيە ئارمىيىسى ئالاقزادىلىشىپ يەنە مەنگدىن كۆپرەك ئەسكەر يۆتكەپ قەشقەرگە ياردەمگە ئەۋەتتى، قەشقەر ياساۋۇل بېگى جياۋداجۇ ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن روسسىيىلىكلەرگە ئۆزرە ئېيتتى ھەمدە چېرىيە ۋەقەسىدىكى جۇڭگو تەرەپ ئەمەلدارىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

9- ئاينىڭ 25- كۈنى، روسسىيە ئارمىيىسى يەنە بىر نۆۋەت قەشقەر يارۋاغ دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

9- ئاينىڭ 28- كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ كېلاۋخۇيچىلاردىن بېيەنيۇڭفۇ، ۋېيدېشى ئىككىسىنى باتالىيونى ئېلىپ ئۆلكە شەھىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشكە بۇيرۇق قىلدى.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى، ھەر قايسى ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بەلگىلەپ بېرىلدى: يەكەن، سۇلې مەھكىمىلىرى بىرىنچى دەرىجە قىلىنىپ ئايلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى 600 سەر، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەر ئىككىنچى دەرىجە قىلىنىپ ئايلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى 500 سەر قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا دائىملىق چىقىملاردىن مەكتۈپ يەتكۈزگۈچىلەر، چاكارلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك قاتارلىق چىقىملىرى ئاۋۋالقىدەك چىقىم قىلىنىۋېرىدىغان بولدى؛ بۇرۇنقى كەم بېرىلگەنلىرى، مەھكىمە مۇراسىمى، يېقىلغۇ سەرپىياتى، سېلىق چېچىش، قوشۇمچە ياردەم قاتارلىق تۈرلەرگە بېرىلىدىغان راسخوتلار شۇكۈندىن باشلاپ بىردەك بىكار قىلىندى، بۇرۇنقى چەك سۇلالىسى ۋاقتىدا بېكىتىلگەن دىيانەتلىك مائاش، ھۆكۈمەت راسخوتىدىن چىقىم قىلىنىدىغان تولۇقلىما قاتارلىقلارغا

يۆتكەلگەن.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جۇۋۇ چېژدې ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، جاڭ يۈگچېڭ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، لى شى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكەلدى. شۇ ئايدا، قەشقەر ھەرساھە خەلقى جۇۋۇ جيارۇينى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا سايلاپ، لى شىنى قالدۇرۇۋەتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ ئۇققاندىن كېيىن 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىشنى مەنئى قىلدى. جۇۋۇ جيارۇيمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، لى شى ئامباللىقنى قىلىۋەردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋاڭ بىڭكۈننىڭ ۋەزىپىسى ئېلىنىپ، جۇرۇيچى مۇۋەققەت تەپتىش بولدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياڭ زەنشۇ بىر نەچچە ئاي ۋەزىپە ئۆتەپلا ياڭ زېڭشىنىڭ تەرىپىدىن مەجبۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ياڭ دېشىڭ قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ياساۋۇل بېگى بولۇشقا بۇيرۇق كەلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇرۇيچى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، جاڭ يۈگچېڭنىڭ قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت تەپتىشى بولۇشىغا بۇيرۇق كەلدى.

9 - ئايدا، سبتەمىن 3 - قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىپ تەكشۈرۈپ قەشقەرگە كەلدى، كېيىنكى ئاينىڭ 9 - كۈنىگە بارغاندا قەشقەردىن ئايرىلىپ مارالبېشىغا كەتتى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن نەچچە مىڭ روسىيە ئەسكەرنىڭ

ۋاڭ بىڭكۈن روسىيە تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلار-
نى ئەسكەر چېكىندۈرۈشكە كۆندۈردى ھەمدە يول بويى
جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قوغداپ ئۈزىتىپ قويۇشقا ماقۇل
بولدى.

2- ئاينىڭ 28- كۈنى، ياڭ زېڭشىن تاشقى مۇناسىۋەت
مىنىستىرلىكىگە چىنرىيە كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ
ئەينىنى تېلېگرامما بىلەن يەتكۈزدى ھەمدە قەشقەردە
سوت ئېچىپ بۇ ئەنزىنى سوتلىدى. روسىيە كونسۇلى
يولسىز چاتاق چىقىرىپ سوتلاشنى ئۈزۈپ قويدى.

3- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋاڭ بىڭكۈن قەشقەرنىڭ مۇ-
پەتتىشى بولدى. روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇ-
لى ۋاڭ بىڭكۈنگە نوتا يەتكۈزۈپ: جۇڭگو- روسىيە داۋ-
شىن بانكىسى ھازىر تىللا قويۇۋاتىدۇ (ئاساسلىقى بەش
خىل پۇل بار ئىكەن)، ئومۇمىي سانى 8 مىليون سەردىن
9 مىليون سەركىچە. مۇشۇ يىلنىڭ 1- ئېيىدىن باشلاپ،
ئومۇمەن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى، سودىگەرلىرى قەشقەر،
ئىلى، تارباغاتاي ئۈچ شۆبە بانكىدا تىللاغا تېگىشىپ
ساقلاپ قويسا بولىدۇ، دېگەن. ياڭ زېڭشىنىڭ تېلېگرامما
ئارقىلىق كۇۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلسا تەستىقلانمىغان.

4- ئاينىڭ 1- كۈنى، قاتناش مىنىستىرلىكى مەم-
لىكەت بويىچە تېلېگراف ئىدارىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىت-
كەندە قەشقەر 2- خىلدىكى B دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدا-
رىسى بولغان، كۇلىشەھەر ناھىيىسى 3- خىل B دەرىجە-
لىك تېلېگراف ئىدارىسى بولغان.

4- ئاينىڭ 26- كۈنى، جاڭ چۈشەن قەشقەر كونا-
شەھەر كۇرەسىنىڭ باش دىۋان ياردەمچىلىكىگە

تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئۇششاق بېلەتلەر بىلەن چېگرىدىن كىرىپ سودا قىلىشىنى مەنئى قىلىشنى، يەرلىك باج ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قەشقەردىكى تەپتىش يەنە دوتەيگە ئۆزگەرتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جاڭ يۈنچىڭ قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت دوتەيى بولۇشقا بۇيرۇق كەلدى.

7 ـ ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماجىيې هەر قايسى يەرلەردىن قەشقەرگە كەلگەن 651 نەپەر جۇڭگولۇقنى قىزدىقتۇرۇپ قانۇنسىز هالدا ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ كۇچار ئامبىلى ماشۇۋۇغا تېلېگرامما يوللاپ، قەشقەردىكى كېلاۋخۇيچىلارنىڭ كاتتىبېشى بىيەن يۈڭفۇنى قاتتىق نازارەت قىلىشنى بۇيرىدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ياڭ دېشىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مايورى ئۇنۋانى بىلەن قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بەگلىكىگە، قوشۇمچە قەشقەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە لۈيجاڭلىقىغا رەسمىي تەيىنلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىڭ قەشقەر دوتەيىگە كۆرسەتمە بېرىپ، ئۇنىڭ هەر قايسى چەت ئەل كىرازدانلىرىنىڭ يايلاقلاردا بېقىۋاتقان بارلىق چارۋىلىرىغا بەلگىلىمە بويىچە باجنى تولۇق تاپشۇرۇشنى بىلدۈرۈشنى بۇيرىدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ تېلېگرامما ئە-

كۆپ قىسمى قايتتى ، پارتلىتىۋېتىلگەن يارباغ دەرۋازىسى روسىيىلىكلەر تەرىپىدىن ياساپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قاتناش باشلىقى جۇ زىچى روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كورىنسكى بىلەن بېيجىڭدە « جۇڭگو-سوۋېت سىملىرىنى ئەركەشتامدا ئۇلاش شەرتنامىسى » نى ئىمزالاپ ، غەربىي قىسىم چېگرىلىرىمىزنىڭ تېلېگراف سىملىرىنى ئۇلاپ جۇڭگو-قەشقەر بىلەن روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ باردى - كەلدى تېلېگراممىلار ئالاقىسىنى يەتكۈزۈشكە قولايلىق شارائىت يارىتىشنى بەلگىلىگەن.

شۇ يىلى ، قەشقەر تەپتىشى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىرلىكتە چېگرا ئىچىدىكى ئەنگلىيە پۇقرالىرىنى ئېنىقلىدى ، ھەقىقىي ئەنگلىيە پۇقرالىرىغا كۈۋاھنامە تارقىتىپ بېرىپ ئەنگە ئالدى؛ ئومۇمەن پاسپورتى بولمىغان ۋە جۇڭگو تەرەپتىن چېگرىدىن كىرىشكە كۈۋاھنامە بەرگەنلەر تىزىملانمىدى.

## 1914 - يىلى ( جۇمھۇرىيەتنىڭ 3 - يىلى )

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ، شياۋ جيەنجاڭ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ، روسىيە ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرى قەشقەر سودا مۇئامىلە ئىدارىسىغا بېرىپ كۈۋاھنامە ئالماي ، ئەنگلىيە-روسىيە تەرەپ شاڭيىلىرى قالايمىقان تارقىتىپ بەرگەن بېلەتلەرنى مال يۆتكەش ئاساس قىلىۋالغانلىقتىن ، ياڭ زېڭشىن جاڭ يۈچىڭغا تېلېگرامما بېرىپ: روسىيە ، ئەنگلىيىلەرنىڭ قەشقەردە

قىلىشىنى، ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇشنى بۇيرىغان.

5- ئاينىڭ 28- كۈنى، قەشقەر ياساۋۇل بېگى ياڭ دېشىڭ جوڭجياڭ (كەپتاۋۇل) ئۇنۋانىغا كۆتۈرۈلدى؛ شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق روسىيە كونسۇلىنىڭ روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ياڭدېشىڭغا كۆمەر يۇلتۇز ئوردېنى تەقدىم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

5- ئاينىڭ 29- كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەر دوتەيىگە خەلققە ماتا سېلىقى چېچىشتەك ئىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىشنى بۇيرىدى.

5- ئاينىڭ 31- كۈنى، سېپتىمىن تۇرپاندىن قەشقەر كونىشەرگە قايتىپ كەلدى، 7- ئاينىڭ 6- كۈنىگە كەلگەندە قولغا كىرگۈزۈۋالغان 182 چوڭ ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ، ئۇلۇغچات ئېغىزى ئارقىلىق چىقىپ دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى.

8- ئاينىڭ 1- كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەر دوتەيىگە ئەنگلىيە، روسىيە دۆلەتلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى چەت ئەل پۇقرالىرىنى ئوغرىلىقچە ئەپيۈن تېرىشقا يول قويماسلىقنى بۇيرىدى.

8- ئاينىڭ 20- كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەر دوتەيىگە روسىيە كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ جۇڭگو يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان روسىيە پۇقرالىرىنىڭ يايلاق بېجىنى چوقۇم تاپشۇرغۇزۇشنى بۇيرىدى.

9- ئاينىڭ 4- كۈنى، ماشاۋۇ كۇچاردىن كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولۇپ كەلدى.

ۋەتىپ، قەشقەردىكى كېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇرمەكچى بولغان ئەنزىدىكى ئاسانلىق جىنايەتكار چىن دېگۈڭنىڭ گەنسۇدىكى ئەسلى يۇرتىدا زەمبۇرەك بىلەن ئېتىپ ئاشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

مۇشۇ يىلدا، قەشقەر كونىشەھەردە داۋاملىق تۇرۇۋاتقان روسىيە ئەسكەرلىرى 2000 غا، زەمبىرەكلىرى ئونغا يېتەتتى؛ ھىندىستانىڭ تۇرۇۋاتقان ئەسكىرى 1000 نەپەر ئىدى.

قەشقەردىن چىقىرىلغان مالنىڭ قىممىتى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن، كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ قىممىتى 2 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولغان.

## 1915- يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 4- يىلى)

1- ئاينىڭ 6- كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ سابىق قەشقەر دوتىيى ۋاڭ بىڭكۈننى يېڭىسارنىڭ جەنۇبىنى تا خوتەنگىچە كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىشنى، قەشقەر دوتىيى جاڭ يۈچىڭنى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا ئەۋەتتى.

4- ئاينىڭ 5- كۈنى، روسىيە پۇقراسى ئابدۇ قاتارلىقلار ئەنجاندىن قەشقەرگە كېلىپ ئۇيغۇر پۇقراسى رەھىم ھاجىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى زېمىننى ئەسلىدە بىزنىڭ ئىدى، دەپ تۇرۇۋالغان، ھەم ئىسپاتى يوق ئەھۋالدا دەۋا قىلىپ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. ياڭ زېڭشىڭ جاڭ يۈچىڭغا كۆرسەتمە بېرىپ يوللۇق ئالا قىلىشىشنى بۇيرىغان.

7- ئاينىڭ 26- كۈنىگە كەلگەندە يەنە بىر قېتىم جاڭ دوتەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، روسىيە پۇقراسىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى مۇتەھەملىك بىلەن ئىگىلىۋالغانلىقىنى قەتئىي رەت-

قىلىپ بەرگەن خەتكە ئاساسەن جۇڭگو پۇقرالىرى بىلەن
يايلاق ئالىشىپ مەجبۇرىي ئىجارە ئالغاچقا ياڭ زېڭشىنىڭ
جاڭ دوتەيگە تېلېگرامما بېرىپ، روسىيە كونسۇلى
بىلەن قائىدىلىك يوسۇندا كەسكىن ئۈچرىشىشقا
تىرىشىشىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇزۇنقى
ئاسىيلار تارقاتقان ئىسپاتلارنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدىغ-
انلىقىنى ئېيتىشنى بۇيرىدى.

## 1916 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 5 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋاڭ مىنچۇەن ياڭ شىڭۇۋ-
نىڭ ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر كۆرە بېگى ياردەمچىسى
بولدى (2 - يىلى 9 - ئايدا ماشاۋ ئىز باستى).

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، سابىق شىنجاڭ مەمۇرىي
ئەمەلدار نازارىتىنىڭ نازىرى شۇشەن جاڭ يۈگچىنىڭ ئور-
نىغا قەشقەرگە مۇۋەققەت دوتەي بولدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، سىماۋدىرۇن شىي دىخەينىڭ
ئورنىغا قەشقەر كونىشەھەر كۆرەسىنىڭ باش دىۋان يار-
دەمچىسى بولدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەشقەر يىاساۋۇل بېگى ما-
فۇشىڭغا قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجىياڭى ئۇنۋانى بېرىلدى،
6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رەسمىي تەيىنلىنىش بۇيرۇقىنى
تاپشۇرۇۋالدى.

6 - ئايدا، روسىيە پېتېربورگ كانچىلىق مەكتىپىنىڭ ئو-
قۇتقۇچىسى موسكىۋادىن ئىمپېرىيە كانچىلىق ئىلمىي جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش
ئېلىپ باردى.

9- ئاينىڭ 8- كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ئۈستۈن ئاتۇش كەنتىدە ئۇركىملىك ئەخمەتنى مەكتەپكە كېلىپ «قۇرئان كەرىم» دىنى، قوشۇمچە مېدىتسىنا ۋە ھېساب بىلەن دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغانچىقا، ياڭ زېڭشىڭ: بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگولۇقنى دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش، ئۇركىملىكنى مەڭگۈ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى.

9- ئاينىڭ 25- كۈنى، روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مىشكىن جاڭ دوتەيگە نوتا تاپشۇرۇپ، روسىيە پۇقرالىرىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا مال باققاندا جۇڭگو پۇقرالىرىغا ئوخشاش يايلاق بېجىنى بىردەك تولۇق تاپشۇرۇشقا قوشۇلدى.

12- ئاينىڭ 2- كۈنى، ياڭ زېڭشىڭنىڭ يېقىن سىرداشى، خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ چېرىك بېشى مافۇشىڭ بۇيرۇققا بىنائەن 20 نەچچە باتالىيون ئەسكىرىي كۈچنى باشلاپ قەشقەرگە كىردى، 6- كۈنى، سابىق ياساۋۇل بېگى ياڭ دېشىڭ تامغۇ، ئالاقە ماتېرىياللارنى تاپشۇردى. 15- كۈنى، ياڭ دېشىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى؛ مافۇشىڭنىڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى بولغانلىق بۇيرۇقى چىقىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇردى. ئوغلى ماجىڭۋۇ دوتەي يارىدەمچىلىككە بەلگىلىنىپ، كونىشەھەردە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ياڭ زېڭشىڭ يەنە ئىنىسى ياڭ زېڭبىڭنىڭ قەشقەرگە كېلىپ مۇۋەققەت دوتەي بولغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى.

12- ئاينىڭ 10- كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە قاغىلىقتىكى روسىيە سودىگەرلىرى ياقۇببەگنىڭ ۋاقتىدا تار-

1 ـ ئايدا، روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مافۇشىڭنى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىپ روسىيە ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ ئاسىيلار كاتتىبېشىنى تۇتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ياڭ زېڭشىڭ رۇخسەت قىلمىدى. روسىيە مۇئاۋىن كونسۇلى شى جىلى قارا كۆل ئەمەلدارلىرى بىلەن 60 نەپەر ئاتلىقنى ئېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا بېرىپ قاچقانلارنى تازىلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، لۇدىيەنكوي مىناشاۋۇنىڭ ئورنىغا كونشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولدى (4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىش ئۆتكۈزۈشۈپ بولغان).

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ مافۇشىڭغا تېلېگرامما بېرىپ، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىغا: روسىيە ئەسكەرلىرى مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىپ چېگرىدىن چىقىپ ئۆتمىشىنى، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ئاسىيلار كاتتىبېشىنى تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرىدى.

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئالدىنقى يىلى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن روسىيە مۇساپىرلىرىدىن 1100 ئائىلە، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، 200 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا بىلەن بىرگە دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىلدى. ياڭ زېڭشىڭ تېلېگرامما يوللاپ، روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مىشكىنىنى تارتۇقلاشنى تەكلىپ قىلدى، مەزكۇر كونسۇل ئۇچرىشىش ئىشلىرىدا ئادىل ئىش قىلغان، شۇڭا ئەتىۋارلاپ 2 ـ دەرىجىلىك جىياخې ئوردېنى تەقدىم قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

5 ـ ئايدا، مابەيلىن قەشقەر كونشەھەر كۆرەسىنىڭ

8 - ئايدا رۇسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئەس-
كەر ئېلىشقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى، ئۇ نەچچە مىڭ
ئادەم قېچىپ قەشقەر چېگرىسىغا كىرىۋالدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەردىكى شۇ
دوتەيگە تېلېگرامما بېرىپ، رۇسىيە كونسۇلى مىشكىن،
مۇئاۋىن كونسۇل شى جىلىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چېگ-
رىغا يېقىن جايغا رۇسىيە مۇساپىرلىرىنى يىغىۋېلىشنى
جۇيىردى.

10 - ئايدا، ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىيە ۋە قەسىنىڭ ئۆ-
چىنى ئېلىش ئۈچۈن رۇسىيە ئەسكەرلىرى قەشقەرگە تاجا-
ۋۇز قىلىپ كىرىپ، 500 دىن ئارتۇقراق ئۇيغۇر پۇقراسىنى
ئۆلتۈردى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جاڭ سەيتىڭ چىن يىلىن
ئورنىغا قەشقەر كونتشەھەر ئوتتۇرا كورەسىنىڭ ياردەمچى
ئورۇن باسار سانغۇنى بولدى.

## 1917 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 6 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇ-
رۇشلۇق باش كونسۇلى ماجىيې خەت - ئالاقە پونكىتىنى
قوغداش باھانىسى بىلەن، كانجۇتنىڭ كاتتىبېشىنى 15 ئادەم-
نى باشلاپ بىزنىڭ چېگرا پونكىتىمىزغا تۇرۇشقا ئەۋەتتى.
ياڭ زېڭشىنىڭ تېلېگرامما يوللاپ ئۇلارنىڭ چېكىنىپ
كېتىشىنى بۇيرىدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جۇرۇيچى قەشقەرگە دوتەي
بولدى. كېلىشتىن بۇرۇن ياڭ زېڭشىنىڭ مۇۋەققەت بولۇپ
تۇرۇشىنى بۇيرىدى.

شۇ يىلىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر كونىشەھەردىن ئەركەشتامغىچە بولغان تېلېفون، تېلېگرامما مەخسۇس لىنىيىسىنى ئۆزىمىز تارتىپ پۈتكەندى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو-قەشقەر بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگرامما بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدىغان بولغان.

قەشقەردىكى چوڭ سودىگەر ئۆمەرباي كونىشەھەر يارباغ دەرۋازا سىرتىدا قۇرغان پاختا زاۋۇتى روسىيىلىك بىر تېخنىكنى ياللاپ ئىشلەتكەن؛ زاۋۇتتا سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۆت ماشىنا بولۇپ ھەر بىرى كۈنىگە 12 مىڭ جىڭ پاختا چىقىرالايتتى. تيەنجىنلىك سودىگەرلەر بۇ زاۋۇتنىڭ يېنىدا تۆگىشىگخې سودا بانكىسىنى ئاچقان.

گېرمانىيىلىك شىرمېرنىڭ شۇنغا بانكىسى قەشقەر كونىشەھەردە ماگىزىن ئېچىپ تېرە، ئۆچەي سېتىۋېلىپ يېرىم مەھسۇلات قىلىپ تەييارلاپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتەتتى؛ ئاندىن مىلىچ مال، ئويۇنچۇق قاتارلىقلارنى توشۇپ كېلەتتى.

قەشقەرنىڭ ئېكسپورتى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ئىمپورتى 4 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

قەشقەر دوتېيى جۇرۇيچى ئىبراھىم ئاخۇننى تاشكەنت بىلەن ئالاقىلاشقۇچى قىلىپ بېكىتىپ ئەنجاندىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر باشلىقى ئابدۇللا، ئوشتىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر باشلىقى مامۇت، ناربىندىكى جۇڭگولۇق سودىگەر باشلىقى مىرياقۇپ ھەمدە تۈركىستان تەكشۈرگۈچىسى، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمە باش تەرجىمانى لەي خاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ جۇڭگو نۇۋھا جىر لى-

سوك قاراۋۇل مىڭبېشى بولدى.

6 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەر دوتىيى جۇرۇيچىڭگە: قەشقەردىن روسىيىگە تەۋە ئوش، ئەنجانغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ تاپقان كىرىمى قورساق بېقىشقا يەتمەيتتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن چەتكە چىقىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانىغا چەكلىمە قويۇشنى بۇيرىدى.

6 ــ ئايدا، قەشقەرنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە تارقىلىپ چىققان كېسەللىكلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىپ، ئۆلگەنلەر بىر ناھىيىدە كۆپ بولغاندا نەچچە ئون مىڭ، ئاز بولغاندا 10 مىڭ ئەتراپىدا بولدى. بەزىلەر پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلكە شەھەردىن ئۈچ دوختۇر ئەۋەتىپ ئاپەت ئېغىر بولغان خوتەنگە باردى.

7 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى، ماچۈنرۇڭنىڭ قەشقەر كونا شەھەر ئۇلۇغ قاراۋۇل مىڭبېشى بولۇشىغا بۇيرۇق چىقتى.

12 ــ ئايدا، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئەنگلىيە مۇھاجىرى مەھمەت بىلەن ئەبزەللا ئىككىسىنىڭ ئوغۇرلۇقچە 22 بولاق ئەپيۇننى ئەككىرگىنى تەكشۈرۈپ تۇتۇلدى. قەشقەر كونا شەھەرگە يالاپ ئەكىلىپ چوڭ كوچىدا كۆيدۈرۈلدى. ئەپيۇن جىنايەتچىسى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىنىڭ ئۆزىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 25 ــ كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ جۇ دوتەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە كونسۇلىغا تۇتۇپ تاپشۇرۇپ، ئەنگلىيىگە تەۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا قارىتا ھۆججەت چۈشۈرگۈزۈپ، ئەپيۇننىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلىشنى بۇيرۇلدى.

سوۋېت مىنىستىرلىكىگە تېلېگرامما جاۋاب قايتۇرۇپ، روسىيە ئەلچىسىگە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەردە زاۋۇت قۇرۇپ مال ئىشلەش ئىلتىماسىنى رەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئەنگىلىيىلىك بېرىللى 28 ئادەم ۋە 80 ئۇلاغ يۈكنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلمەكچى بولغان، يۈكنىڭ ئىچىدە كۆپرەكى ھەربىي كىيىم - كېچەك بار ئىدى ھەمدە 30 نەچچە مۇھاپىزەتچى بىرگە كەلمەكچى ئىدى. ياڭ زېڭشىن تاشقى مۇناسىۋەت مىنىستىرلىكىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئالاقىلىشىپ توسۇشنى ئۆتۈندى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، روسىيىنىڭ ئىچكى قىسمى مالىمانلىشىپ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى قايتىپ كەتكەن. ياڭ زېڭشىن جۇرۇيچىنغا بۇيرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن روسىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا جۇڭگولۇق شاڭيېلار يېقىن تۇرۇپ تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن ئۇچراشسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىجازەت بولدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنگىلىيە بىر ئەترەت قوغداش ئەسكىرىنى ھىندىستاندىن ئەۋەتىپ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا تۇرغۇزدى. بېيجىڭدىكى ئەنگىلىيە ئەلچىسى تاشقى مۇناسىۋەت مىنىستىرلىكىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، قەشقەرنىڭ بىخەتەرلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن دەرھال چېكىندۈرۈلىدۇ، دېدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەردىكى ئۇيغۇر تايىنغان ئەسلى روسىيە مۇھاجىرى ئىكەن، قەشقەر كونىشەھەردە خانىقا ياساپتۇ؛ ئەمەتخەلپە يېڭىشەھەردە خانىقا ياساپ-

رىنىڭ زىيانلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرتكۈزدى؛ ئۇلار روسسىيە تەرەپ بىلەن قايتىدىن تالىشىپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ روسسىيەدىكى مەنپەئىتىنى چەكلى بىلەن قوغداپ، روسسىيە تەرەپنى خاتالىقنى گەدىنىگە ئېلىپ تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ياڭ زېڭشىنىڭ تېلېگرامما يوللاپ ئىبراھىم ئاخۇنغا 7 - دەرىجىلىك جىياخې ئوردېنى بېرىشنى، قالغانلارنىمۇ ئايرىم - ئايرىم مۇكاپاتلاشنى تەكلىپ قىلدى؛ يەنە قەشقەردىكى جۇدوتەينى روسسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ تۆلەتكۈزۈشنى بۇيرىدى ھەمدە ئەھۋالغا ئاساسەن بېيجىڭغا يوللاپ روسسىيە ئەلچىسى بىلەن كەسكىن ئۇچراشتى.

## 1918 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 7 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلارغا ئەمر قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان يىپەك ئىشلەش ھەققىدىكى قوللانمىنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشنى، چوقۇم شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى بۇيرىدى. بۇ قوللانما ئەتىيازلىق ۋە يازلىق، كۈزلۈك يىپەك ئىشلەش ئىككى خىل ئۇسۇلىنى ئىچىگە ئالغان.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، روسسىيىدىن جۇڭگو - قەشقەرگە بارىدىغان پاسپورتنى بىردەك توختىتىۋېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، قەشقەر پاساۋۇل بېگى ما فۇشىڭغا قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاڭجياڭ ئۇنۋانى قوشۇلدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن تاشقى مۇنا-

شىنىڭ 15 باتالىيون ئەسكەر چىقىرىپ روسىيىگە ئەۋەتىپ ئاق ئورۇس قالدۇق باندىتلىرىغا يار-دەملەشتۈرمەكچى بولغاندا ياڭ زېڭشىنىڭ تېلېگرامما ئەۋە-تىپ توسقان.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، قەشقەرلىك ئۇيغۇر سودىگەر مۇختەر قاتارلىق 11 كىشى 11 ئاتنى مىنىپ سەككىز ئۇلاغ مالنى ئېلىپ تېكەس ساھىلىغا سودا قىلماققا بارغان، مېڭىپ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇنخەي دېگەن يەرگە بار-غاندا ئاق ئورۇس ئەسكىرى پىرژېۋىسكىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان باندىتلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاغلىرى پۈتۈنلەي بۇلانغان.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ مافۇشىڭغا تېلېگ-رامما بېرىپ، مەيلى ئاق ئورۇسنىڭ پاخشى ئەسكىرى بول-سۇن ياكى ئۆزدىتى مۇساپىر دېۋالغانلار بولسۇن بىردەك توسۇپ چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك كېرەك. يەنە، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى قايتىپ كەتتى، مەيلى كونا - يېڭى پىرقىۋازلار بولسۇن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىسى بول-مايدىكەن، ئېتىراپ قىلىنماسلىقى كېرەك، دەپ بۇيرۇق بەردى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى قەشقەردىكى جۇدوتەيگە نوتا تاپشۇرۇپ، روسىيە كونا پىرقىس-تىنىڭ شىياۋجياڭى مۇخانوپ قاتارلىق بىرنەچچە كىشى ئەركەش-تام قاراۋۇلخانا ئارقىلىق قەشقەرگە كىرىپ قىشلىق كى-يىم - كېچەك سېتىۋالماقچى. يول بەرسىڭىز، دېگەن. ياڭ زېڭشىنىڭ تېلېگرامما بېرىپ رەت قىلىشنى بۇيرىغان.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مۇخانوپ بىرنەچچە يۈز

مەنسى قىلسىمۇ قايتىدىن ئېچىۋاپتۇ؛ شوخ ھەزرەتنىڭ كونتسەھەردىكى خانىقاسى 1500 ـ 1600 غىچە ئادەم سىغدۇرالايدىكەن؛ جاڭ قۇۋانىڭ كونتسەھەردە قۇرغان خانىقاسى 7 ـ 8 يۈز ئادەم سىغدۇرالايدىكەن؛ يېقىندىن قۇرۇلغان خانىقالارغا ئەنگلىيە، روسىيە، تۈركىيە تەۋەلكىدىكى كىشىلەر سوقۇنۇپ كىرىۋاپتۇ، دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ياڭ زېڭشىڭ تەكشۈرۈپ بېجە تىلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن ئەنگلىيە ماكىنىسى سېمىز تېلېگراف ھەسسىدارلىق شىركىتى لەنجۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەر ئۈچ ئورۇنتا سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىش ھەققىدە دوگۇۋار تۈزگەن، يىل ئاخىرى ئىش باشلىغان.

شۇ يىلى، ماجۇڭ ئۇدىيەنگۈي ئورنىغا كونتسەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولغان.

قەشقەرنىڭ ئېكسپورتى 1 مىليون 468 مىڭ 655 يۈەن، ئىمپورتى 585 مىڭ 200 يۈەن بولغان.

## 1919 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 8 - يىلى)

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق جۇرۇيچىغا: ئەگەر روسىيە كوممۇنىستلىرى ئادەم ئەۋەتىپ قەشقەر بىلەن سودا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا ئاق ئورۇس پاخشى ئەسكەرلىرىنى ۋە مۇساپىرلىرىنى قازاۋۇلخانىلار قويۇپ بەرمەسلىكى كېرەك، دېگەن بۇيرۇقنى بەرگەن.

3 ـ ئايدا، قەشقەر ياساۋۇل بېگى مافۇ-

1500 ـ 1600 گە يەتكەن، ياڭ زېڭشىنلىڭ جۇرۇيـ
چىگە ئادەم ئەۋەتىپ 5 مىڭ سەر كۈمۈش ئېلىپ بېرىپ قۇتـ
قۇزۇشنى ھەمدە مۇھاجىرلاردىن 500 نەپەرچىسىنى قايتۇ-
رۇپ كېلىشنى بۇيرىغان. قايتىپ ئەركەشتامغا كەلگەندىمۇ يەنە
روسىيە تەرەپتىن خالىغانچە ئاختۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلگەچكە قال-
دۇرۇلغان. ئەنگلىيە قەشقەرگە ئالاھىدە ئەلچىلەر ئۆمىكى
ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئەنگلىيە سۇيۇرغا ئىلدەقىمىدىـ
كى ھىندىستانغا قوشۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار ـ يوقلۇقىنى
سىناپ باققان.

لۇدىيەنكۆي ماجۇنىنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر داھىيىسـ
گە ئامبال بولغان.

## 1920 ـ يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 9 ـ يىلى)

ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەر ۋە ئىلى چېگرا
ئېغىزلىرىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ شىنجاڭ بىلەن «سوۋېت ـ شىن-
جاڭ ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» ئىمزالىغان؛
كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: بېجىرمەكچى بولغان سودا
ئىشلىرى ئىلى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، قەشقەرگە چېتىلماسلىقى
كېرەك؛ قەشقەر بىلەن تاشكەنتتە ۋاقىتلىق سودا خادىمى ۋە
ئۇچراشقۇچى تەسىس قىلىش ئىشى ۋاقىتىنچە سەل كېيىنرەك
بېجىرىلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر
قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ خوتەن ۋىلايىتى قۇ-
رۇلغان.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جىلىڭ شۇرىن كونىشەھەر داھى-
يىسىگە ئامبال بولغان (9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لۇدىيەنكۆي

پاخشى ئەسكەرنى باشلاپ زورلۇق بىلەن قاراۋۇلخانىدىن
ئۆتمەكچى بولغان. ياڭ زېڭشىڭ تېلېگرامما بېرىپ، خەلق-
ئارا ئورتاق قانۇنغا ئاساسەن ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ
چېگرىدىن كىرگۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرىغان ھەمدە
روسىيە تەرەپ بىلەن بەش ماددىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلغان-
دىن كېيىن مېڭىشقا يول قويغان.

11-ئاينىڭ 5-كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ بېيجىڭگە جىد-
دىي تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ، ھەربىي ياراق تار-
قىتىشنى ھەمدە ئۈچتۇرپان، كۇچاردىن قەشقەرگە ئاتلىق قو-
شۇن ماڭدۇرۇپ ئاق ئورۇس پاخشى ئەسكەرلىرىنى توسۇشنى،
چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان. كۇچاردىكى
ئورۇنباسار سانغۇن جاڭ سېيتىڭ، مارالبېشىلىق سەييارى
زەربىدار ياڭ شۈچى، تورغات قاراۋۇلخانا لىيەنجاڭى خې
رۇيلىن قاتارلىقلار ئۆز قوشۇنلىرىدىكى ئاتلىق قىسىمنى
باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن.

شۇ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى يۇرت بەگ-
لىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئالتە يىلدىن ئېشىپ
كەتمەسلىكى بەلگىلەندى. ئەركەشتام قاراۋۇلخانىدىكى رو-
سىيە تەرەپ باجگىرى بىر قېتىمدىلا قەشقەرلىك سودىگەر-
لەرنىڭ 338 ئۇلاغ مېلىنى، 150 مىڭ يۈەن روسىيە پۇلىنى
تۇتۇپ قالغان؛ يەنە، قەشقەرلىك ھەسەن مولىلامىنىڭ 120
مىڭ يۈەن روسىيە پۇلىمۇ مۇشۇ قاراۋۇلخانا تەرىپىدىن تۇ-
تۇپ قېلىنغان. قەشقەر دوتەيى جۇرۇيچى روسىيە تەرەپكە
نوتا تاپشۇرۇپ تولۇق سانى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىشنى تە-
لەپ قىلغان. روسىيىگە تەۋە ئوش، ئەنجان قاتارلىق جاي-
لاردىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلاردىن ئاچ-يالىڭاچ قالغانلار

ئورنىغا ئامبال بولدى.

## 1923 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 12 - يىلى)

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن رۇبىن ۋېي چىڭياۋنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

شۇ يىلى ياساۋۇل بەگ مافۇشىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ياساۋۇل بەگ يامۇلى ئىچىدە كاتتا كۆلەملىك خۇيزۇ مەسچىتى ياساتتى، بۇنىڭغا سەككىز يىل ۋاقىت كەتتى. مافۇشىڭنىڭ جېنجيا گۈلىق خوتۇنى يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلاپ بېيجىڭگە بېرىپ، ئارمىيە زۇمىگەرى ساۋكۈن بىلەن كۆرۈشكەن، ساۋكۈن مافۇشىڭغا يەتتە قىرلىق شەمشەر، بىر قۇر ھەربىي كىيىم تەقدىم قىلىپ ياڭ زېڭشىنىڭنىڭ ئىچىنى قايناتىپ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان.

## 1924 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 13 - يىلى)

يىل بېشىدا، مافۇشىڭ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدىن 3 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ ياڭ زېڭشىنىڭنىڭ ئۆزىنى قەستلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ياڭ زېڭشىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ماشاۋۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئىچكەركى مەخپىي خانىسىدا پىلان تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر باشلاپ قەشقەرگە بېرىپ مافۇشىڭنى باش ئەگدۈرۈشنى بۇيرىدى؛ يەنە پەرماندار تى يىڭ، مەسلىھەتچى بېيشى جاڭ زىچېڭلەرنى 12 باتالىيون ئەسكەر ئېلىپ ماشاۋۇغا ياردەملىشىشكە بۇيرىدى. 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ماشاۋۇ قىسىملىرى پەيزاۋاتقا كەلگەندە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدى، بىر يول

بىلەن تاپشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقان).

شۇ يىلى ئاق ئورۇس ئوفىتسېرى نازاروپ قوشۇن باشلاپ قىرچىپ تورغات قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە بىز تەرەپتىن توسۇۋېلىنىپ قايتۇرۇلغان.

## 1921 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 10 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەردىكى جۇ دوتەيگە: 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى يارلىق ئەنگلىيە سودىگەرلىرى روسىيىلىك سودىگەرلەرگە ئوخشاش ئىمپورت - ئېكسپورت بېجىنى تولۇق تاپشۇرۇش لازىم ھەمدە جامائەتكە ئاشكارىلاپ مۇشۇ يول بىلەن ھوقۇقنى قوغداپ قىلىش لازىم. ئېلىنغان چېگرا باج جاڭجاكۇدا روسىيە مىلىدىن ئېلىنغان باجقا ئوخشاش، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ھەربىي راسخوتى قىلىنىدۇ. ھەمدە ئاشقان قىسمى ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىسى تارقاتقان قەغەز پۇل يىغىۋېلىنىدۇ، دەپ بۇيرۇق بەرگەن.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ياڭ چۈنشىن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ئامبىلى بولۇپ تەيىنلەندى.

شۇ يىلى، قەشقەر پوچتىخانىسى 1 - دەرىجىلىك پوچتىخانىغا كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەركەزگە ئايلاندى.

## 1922 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 11 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تۇگۇگچيۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكەلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۇ يې چىڭيا ۋە تۇگۇگچيۇنىڭ

«سوۋېت تۈرك» ياۋروپاچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنى ئاچتى.

ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەردە نەمۇنىچى ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇپ قەشقەر ۋىلايىتى ئەۋەسىدىكى ئىپتىدائىي باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن بالىلارنى يېقىندىراق يەردە ئوقۇشقا كىرىشكە ئىجازەت قىلدى. راسخوتى قەشقەر ئەمەلدارىغا ئەۋە سوخو يېرىدىن ئېلىنغان ئىجارە ئاشلىقتىن ئاجرىتىلىدىغان بولدى.

## 1926 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 15- يىلى)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دېڭ زۇەنشىيەن چىن رۇبىنىنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئامبال بولدى.

## 1927 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 16- يىلى)

5 - ئايدا، قەشقەر ئاتۇش يېزا ئىكساقتىكى پۇتبول كوماندىسى قەشقەرگە كېلىپ مۇسابىقىلىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانا پۇتبول كوماندىسىنى يېڭىۋالدى.

6 - ئايدا، ئامېرىكا شەرقىي ئەللەر ئالىمى، موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى ئاسىيا تارىخىي نوپۇزلۇقى لاتتىمور ئايالى ئېلىنىنا بىلەن شىنجاڭغا تەكشۈرگىلى كېلىپ قەشقەرگە كەلگەن.

شۇ يىلى، دوتەيلىك ئەمەلدىن قېلىپ ھەر قايسى دوتەيلىك جايلار مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەردى. كونىشەھەر ناھىيە شەھىرىدە قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ماشاۋۇ قەشقەر مەمۇرىي باشلىقى بولدى، ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا فەرغانە ئەتراپىدا

كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ مافۇشەڭنىڭ ئوغلى ماجۇۋۇنى ئېتىپ تاشلىدى؛ ماشاۋۇۋ ئۆزى بىر يول ئەسكەرنى باشلاپ يېڭىشەھەر ناھىيە شەھىرىنى ئېلىپ مافۇشەڭنى تىرىك تۇتتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ماشاۋۇۋ مافۇشەڭنى يېڭىشەھەر ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازا سىرتىغا يالاپ ئاپىرىپ ئېتىۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىڭ قەشقەر ياساۋۇل بېگى مافۇشەڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزدى.

شۇ يىلى، ياڭ زېڭشىڭ قەشقەردىكى ياساۋۇل بەگلىك ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىپ، ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى قەشقەر دوتەيىگە مەركەزلەشتۈردى. ماشاۋۇۋ قەشقەرنىڭ دوتەيى بولدى.

## 1925 ـ يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 14 ـ يىلى)

قىشتا، ئەنگلىيە ماكىنى سىمسىز تېلېگراف شىركىتى قۇراشتۇرغان قەشقەر سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئۇسكۇنىسىنى سىنىدى، لېكىن ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى.

شۇ يىلى، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستانە ھەمكارلىقى ئەسلىگە كەلدى، سوۋېتنىڭ قەشقەر، كونىشەھەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىندى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بۇرۇنقى روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئورنىدا ئېچىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونىشەھەر ناھىيە شەھىرىگە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ

## 1931 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 20 - يىلى)

8 - ئايدا، چۇمىنىي بىلەن قادىر باشچىلىق قىلغان جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كىرىپ قەشقەردە ئۇچراشقان.

10- ئاينىڭ 1- كۈنى، جىڭشۇرېن سوۋېت - شىنجاڭ سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىنى تەستىقلاپ، سوۋېت سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەركىن سودا قىلىشىغا يول قويغان؛ ئۇنىڭ ھۆججىتىدە يەنە، سوۋېتنىڭ قەشقەردە مالىيە ئورگىنى قۇرۇپ ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالماشتۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىش قاتارلىقلارغا قوشۇلغان.

شۇ يىلى، ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن. جىڭشۇرېن تېلېگرامما بېرىپ قەشقەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيەسىنىڭ باشلىقى ئېبي يەڭنى تېز مېڭىپ ئۈرۈمچىگە ئۈلگۈرۈپ كېلىشنى، ئۆزىنىڭ ئىنىسى جىڭشۇجۇنى قەشقەردىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيەسىنىڭ باشلىقى بولۇشنى بۇيرىغان.

قەشقەر سەمەن رايونىنىڭ خىلۋاپ كەنتىدە چۇما تارقىلىپ، ناھىيە شەھىرىگە تەھدىت سالغان، تۇرۇشلۇق قىسىملار كېسەل رايوننى قامال قىلىپ، ھىلال ئەھمەر دوختۇرخانىسى بىلەن سوۋېت-شىن تۆرك ئامبولاتورىيەسى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپ كېسەل ئەھۋالىنى كونترول قىلغان.

## 1932 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 21 - يىلى)

5 - ئايدا، سېتمىن 4 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپا ئەزالىرى بىلەن قەشقەردە ئۇچراشقان، ئاي ئاخىر-

توپىلاڭ يۈز بېرىپ، جانىبەك قازى، خېسىن خوجا، قادىر ھېيتەم باراق باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلار قالدۇقى چېگرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلگەن.

## 1928 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى)

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭزېڭشىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلدى، ئۇزاق ئۆتمەي جىنشۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

شۇ يىلى، ئۇلۇغچات تەۋەسىدىكى قىرغىز، ياش ئىسھاقبەگ، ماتى، شابدا قاتارلىقلار سوۋېتكە بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەندى.

## 1929 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 18 - يىلى)

يىل ئاخىرىدا، يېڭىشەرنىڭ ھاكىمى فەن زۇخۇەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، جىنشۇرېن ئۈچۈن ھىندىستاندىن يېڭى مىلتىق (10 ئاتار) دىن ئۈچ مىڭنى، 2 مىليون پاي ئوقىنى 900 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالدى.

شۇ يىلى، سوۋېت مۇھاجىرى ئىركىن، تاشقى موڭغۇلدىن قەشقەرگە كەلگەن نامان ئەپەندى قاتارلىقلار بىرلىشىپ قەشقەردە بىرىنچى بولۇپ ياۋروپاچە دوختۇرخانا ئاچتى، ئورنى كونىشەھەر ئىچكىدىكى ئۆمەرباينىڭ خۇسۇسىي قورۇسىدا بولغان، نامى «ھىلال ئەھمەر» دەپ ئاتالغان. قەشقەردىكى ھەر ساھە ۋە سوۋېتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى، قوللىغانىدى.

سىنى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن تەختتىن چۈشتى. شىڭ شىسەي-
نىڭ شىنجاڭغا بولغان ئەمەلىي ھاكىملىقى باشلاندى.

5- ئاينىڭ 2- كۈنى، ئوسمان نەيزىنى ئارقىغا قارى-
تىپ، تۆمۈر، ماجەنساڭ، مەھەممەت ئىمىن قىسىملىرى بى-
لەن بىرلىشىپ قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەرگە
ھۇجۇم قىلدى. ماجەنساڭ ماشاۋۇنىڭ يېڭىشەھەرنى بېسىپ
يېتىشىنى قوغدىدى، تۆمۈر بىلەن ئوسمان، مەھەممەت ئى-
مىن ئۈچ تەرەپ كونىشەھەردە ياتتى.

6- ئايدىن 7- ئايغىچە، خوتەن خانى مەھەممەت ئىمىن-
نىڭ ھەمتاۋۇقى سابىت داموللا قەشقەردە ئۆز ئالدىغا بۆ-
لۈنمە ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى بولغانىدا تۆمۈر تەرىپىدىن
تۇتۇلۇپ نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. تۆمۈر ئۆزىنى دىۋىزىيە
باشلىقى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى ئاتاپ، تۇر-
پانلىق يۇنۇسنى قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇشقا
بۇيرۇق چىقاردى. ئوسمان، ماجەنساڭلار بۇنىڭغا تولىمۇ قا-
يىل بولمىدى.

8- ئاينىڭ بېشىدا، تۆمۈر ماجەنساڭ بىلەن بىرلى-
شىپ ئوسمانغا ھۇجۇم قىلدى. ئوسمان قىسىملىرىنى باش-
لاپ تاغقا قېچىپ كەتتى.

8- ئاينىڭ 9- كۈنى، تۆمۈر ئوسماننى قوغلاپ يېتەل-
مەي قايتىپ كېلىۋاتقانىدا، يولدا ماجانساڭنىڭ مۆكتۈرمىسى
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ماجەنساڭ قەشقەر كونىشەھەرگە
ھۇجۇم قىلدى، ماشاۋۇ يەنە مەمۇرىي باشلىق بولدى.

8- ئاينىڭ 16- كۈنى، ئوسمان تۆمۈرنىڭ قالدۇق
قىسىملىرى بىلەن ئورتاق ھالدا ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلىپ
كونىشەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ قاماقتىكى سابىت داموللا قا-

رىدا قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقورغانغا بارغان، ئۇ نىڭ خوتەنتەن قېزىپ تاپقان قەدىمكى ھىندى سانسكرىت يېزىقى ۋە خەنزۇچە يېزىقتىكى بامبۇك تارشا پۈتۈكلىرى بىز تەرەپتىن تۇتۇپ قېلىنغان.

## 1933 - يىلى (جۇمھۇرىيە تىنىڭ 22 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىكى ماشىمىن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن، كۇچارلىق تۆمۈر ۋە ماشىمىن قىسىملىرى ماجەنساڭ قاتارلىقلار بىلەن «جىڭشۇرەنغا قارشى ئاۋام ئارمىيىسى» تەشكىللەپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان. ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي باشلىقى قەشقەردىكى دىۋىزىيە باشلىقى جىڭسۇجۇغا جىددىي مەلۇم قىلغان.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەھەممەت ئىمىن خوتەندە قوزغىلاڭ قىلىپ خان بولىۋالغان، جىڭشۇجۇنىڭ يۇرتىكى دەككە - دۈككىدە پۇچۇلىنىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغان. جىڭشۇرىن قەشقەر مەمۇرىي باشلىقى ماشاۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ بىخەتەرلىكىنى تازىلاش سىلىغى قىلىپ تەيىنلىگەن. ماجەنساڭ تۆمۈرلەر بىلەن ئەسكىرى كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. ماشاۋۋۇ قىرغىز باتالىيون باشلىقى ئوسمان بىلەن جادىيىكىنى چاقىرتىپ 800 ئەسكەر بىلەن قەشقەرنى ساقلاتتى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «خوتەن خانى» مەھەممەت ئىمىننىڭ ھەمتاۋىقى سابىت داموللا ئەسكەر باشلاپ شىمال تەرەپكە يول ئېلىپ، ماجەنساڭ، تۆمۈرلەر بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان.

4- ئاينىڭ 12- كۈنى، جىڭشۇرىن ئۇرۇمچىدە شىيا-

قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ماقۇللىدى.

11- ئاينىڭ 13- كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن «شەرقىي تۈر-
كىستان» ھاكىمىيىتى قەشقەر كونىشەھەر تۈمەن بويى يار-
باغ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا 20 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئې-
چىپ «بايراق تىكلەش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، «شەرقىي
تۈركىستان» ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان
قىلدى. سابىت داموللا ئۆزى «دۆلەت ئىشلىرى باش مى-
نىستىرى»، ئاقسۇدىن تېخى كېلەلمەي يىغىنغا قاتناشمى-
غان خوجىنىياز ھاجى «زۇڭتۇڭ» بولدى.

سابىت داموللا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى، يىغىن ئا-
خىرلىشىپ شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلىندى.

11- ئاينىڭ 15- كۈنى، سابىت داموللا قۇتلۇق ھا-
جىنى باش مۇھەررىر قىلىپ ئىشلىتىپ، شۇ ھېتنىيەكا تۇلىك
دىن تەشكىلاتىنىڭ قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ
مەتبەئەسىدىن پايدىلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان ھەپتىلىك
گېزىتى» (بىر دېيىلىشتە «ئەركىن ھايات» دېگەن گەپ-
مۇ بار) نى چىقارغۇزغان؛ يېرىم ئايدىن كېيىن يەنە «ئىس-
تىقلال» ئايلىق ژۇرنىلىنى تارقىتىپ، «شەرقىي تۈركىس-
تان» رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مۇھىم ھۆججەتلىرىنى
بېسىپ، كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى تەييارلىغان.

12- ئايدا، ئەنگلىيە قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئار-
قىلىق سابىت داموللىغا 10 مىڭ تال مىلتىق، 200 ئەسكەر
ياردەم بەرگەن.

«شەرقىي تۈركىستان» ھاكىمىيىتى قەشقەردە قەغەز
پۇل، لاتا پۇل، «شەرقىي تۈركىستان» خەتلىرى ئويۇل-
غان قۇيما داچەن پۇل قاتارلىقلارنى چىقىرىپ، شىنجاڭ

تارىقلارنى قويۇپ بەردى، ئوسمان ئۆزىنى دىۋىزىيە باش-
لىقى، قوشۇمچە قوماندان دەپ ئاتىدى. ماجەنساڭ يېڭىشە-
ھەرگە قايتىپ كېتىپ ساقلاپ ياتتى. 8- ئاينىڭ 18- كۈنى
خوتەن خانى مەھەممەت ئىمىن شەخسەن ئۆزى قوشۇن تار-
تىپ قەشقەرگە كەلدى، تۆمۈر قىسىملىرىنىڭ پولك باش-
لىقى سېيىت ۋادىرجان بىلەن بىرلىشىپ ئوسماننى ئالداپ تۇ-
تۇۋالدى، ئۇنىڭ قىرغىزلاردىن بولغان قىسىملىرىنىڭ قو-
راللىق كۈچىنى تارقىتىۋەتتى.

8- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە، خوتەن خانى
مەھەممەت ئىمىن سابىت داموللىنى چىقىرىپ مۇستەقىل ھۆ-
كۈمەت تەشكىللەتتى. سابىت داموللا «خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ
قەشقەر باشقۇرۇش ئىدارىسى» نى
قۇردى، ئۆزى ئىدارە باشلىقى بولدى.

ئەنگلىيە ھىندىستان ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم جا-
سۇسلارنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ 5 يۈز 10 مىڭ رۇپىيە تەشۋىقات
راسخوتى چىقىرىپ، كۈچ تەشكىللەپ «فان تۈركىزم» نى
ۋە «ئىسلامى بۈيۈك» ئىدىيىسىنى كۈچەپ ماختىدى.

9- ئايدا، سابىت دامولا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىس-
تان مۇستەقىل ئۇيۇشمىسى» قۇرۇپ، ئۆزى رەئىس بولدى
ھەمدە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مەقسىتى «شەرقىي تۈركىستان مۇس-
تەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش، دەپ تەرغىپ قىلدى.

11- ئاينىڭ 12- كۈنى (ھىجرىيىنىڭ 1352- يىلى 7-
ئاينىڭ 24- كۈنى) كېچىدە، «شەرقىي تۈركىستان مۇستە-
قىل ئۇيۇشمىسى» قەشقەر كونىشەھەردە يىغىن چاقىرىپ
«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇل-
غانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى، «تەشكىلىي پروگراممىسى»

ئىگىلىدى، نەچچە كۈنگىچە شەھەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 4500 دىن ئېشىپ قەشقەر تارىخىدا نامى قالغان «فېۋرال پاجىئەسى» يۈز بەردى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ماجۇڭيىڭ شىڭشىسەينىڭ ئۆلكىلىك ئارمىيە تەرىپىدىن جەنۇبتىكى قەشقەرگىچە چېكىندۈرۈۋېتىلدى. يېڭىسارنى ساقلاپ ياتقان سابىت داموللا سەرۋاز يۈسۈپجاننى ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ مەغلۇپ بولدى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئاتۇش ئارغۇدا خوجىنىيازغا ھۇجۇم قىلدى، خوجىنىياز ئۇلۇغچاتقا قېچىپ، ئىسھاقبېك قوشۇنىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى.

4 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ئۇلۇغچاتقا ئادەم ئەۋەتىپ ئىسھاقبېك بىلەن بىللە خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلكە ئارمىيىسىگە ياردەملىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشقا كۆندۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسىدىن 10 نەچچە مىڭ كىشى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى؛ سوۋېت قىرغىز ئاتلىق پولكى ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ چېگرا ئىچىگە كىرىپ، ئۇلۇغچاتتىكى ئىسھاقبېك ئاتلىق پولكى بىلەن بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلدى، ماجۇڭيىڭ قىسمى جەنۇبقا قاراپ يەكەنگە قاچتى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، خوجىنىياز مەھمۇت دىۋىزىيىسىدىكى تۇەنجاڭ غوپۇرنى ئەسكەر باشلىتىپ يېڭىسارغا ئەۋەتىپ سابىت داموللا قاتارلىق بىر نەچچە ئاساسلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ ئاقسۇغا يالاپ ئاپىرىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ نەزەربەندىگە تاپشۇردى. «شەرقىي تۈركىستان»

ئۆلكىسى بۇرۇن تارقاتقان پۇللار بىلەن تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇپ، يېڭى پۇل ئىشلىتىشنى ئېلان قىلغان. يىل ئاخىرىدا، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئەسكەر تۇتۇپ يېتىپ، سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان زۇڭتۇڭى» بولۇش ھەققىدىكى تەلىپىگە سوغۇق قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېگە بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

## 1934- يىلى ( جۇمھۇرىيەتنىڭ 23- يىلى )

1- ئاينىڭ 7- كۈنى، خوجىنىياز قىسىملىرى ئاتۇش يازىرىغا ئورۇنلىشىپ، قەشقەردىن سابىت داموللا ئەۋەتكەن ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە بىرنەچچە كۈن رەتلەش ئېلىپ باردى.

1- ئاينىڭ 13- كۈنى، خوجىنىياز ئۆزىگە تەۋە 3-4مىڭ ئادەمنى باشلاپ قەشقەر كونىشەھەرگە كىردى ( بۇ دەل زۇ-زى ھېيت كۈنى ئىدى ).

1- ئاينىڭ 15- كۈنى، خوجىنىياز ئەسكەر چىقىرىپ يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئون نەچچە كۈن جىددىي جەڭ قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى.

2- ئاينىڭ 6- كۈنى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ماشىمىڭ، ماخۇيۈەنلەر ماجەنساڭ، ماشاۋۇلار بىلەن بىرلىشىپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلدى، خوجىنىياز ئاتۇشقا چېكىندى، مەھەممەت ئىمىن خوتەنگە قايتتى. سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ى پارچىلىنىپ يېڭىسارغا چېكىندى. مافۇيۈەن بىلەن ماجەنساڭ قەشقەر كونىشەھەرنى

بىر يۈرۈش مەتبەئە ئەسلىھەلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزى چىقارغان گېزىتنى باستى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەشقاۋۇل زۇبالكىن قەشقەرگە كېلىپ مەھمۇتنىڭ 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ مەشىق قىلىشىغا ياردەملەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇت مۇقول ئاستىدىكىلەردىن قۇربان سېيىت قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنتكە بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى، مەھمۇت شىنجاڭ قوماندانى لىۋ بىن بىلەن قەشقەر كونىشەھەردىكى كېرەمباغدا ھەربىي دوختۇرخانا ئاچتى (بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەكتى)، ھەسەن ھاجى دوختۇرخانا مۇدىرى بولدى، ئابدۇللا ئاخۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى تاشقى سودا قانۇنىنى ئېلان قىلدى: قانۇندا: قەشقەرنىڭ سوۋېتكە چىقىرىدىغان تاۋار ماللىرىنىڭ تۈرى، سانى، باھاسى قاتارلىقلارنى يۇشىن سودا يەرلىك مال شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبە سودا شىركىتى بېكىتىدۇ، ئاندىن قەشقەر رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى ئارىلىشىپ پىلان تۈزىدۇ، چىقىرىلىدىغان ماللارنى بىربىرلەپ تىزىملاپ باج نورمىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن قەشقەر شۆبە شىركەتنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىش پونكىتىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلاغ ئارقىلىق ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىغا يەتكۈزۈپ چىقىرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تاشقورغاندىن لاداققا ئۆتىدىغان ئېغىزنى قامال قىلىپ ئەنگلىيەتەۋەلىكىدىكى ئادەم ۋە مالنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى توستى.

ئەنگلىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ سەنزەنى

ھاكىمىيىتى ئەلتۈكۈس بەربات بولغانلىقى جاكارلاندى.

5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، خوجىنىياز قىسمىدىكى دىۋىزىيە باشلىقى مەھمۇت ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىپ يەكەندىن قېچىپ كەلگەن ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، ئۇرۇمچىگە يالاپ ئاپىرىپ ئۆلكە ئارمىيىسىگە تاپشۇردى، سابىت داموللا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە تۇرمىگە قامالدى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ زور مىقداردا مال-دۇنيا ۋە بىر بۆلۈك يېقىنلىرىنى ئېلىپ ئەركەشتام قاراۋۇلخانىدا قورال تاپشۇرۇپ سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتتى. تار-مار بولغان 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ قالدۇقى ماجۇڭيىڭنىڭ قېيىنى ئاغىسى ماخۇسەننىڭ باشلىشى بىلەن خوتەنگە كەتتى، خوجىنىياز شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ ئۇرۇمچىگە كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىملىرىنى مەھمۇت باشلاپ قەشقەردە قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشتى، شېڭ شىسەي بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتتى.

شېڭ شىسەي لىيۇبىنگنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى، مەھمۇتنى قەشقەر 6 ـ دىۋىزىيە باشلىقى، ماشاۋۇنى داۋاملىق مەمۇرىي باشلىقلىققا تەيىنلىدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، دىۋىزىيە باشلىقى مەھمۇت يەنە بىر قېتىم قۇتلۇق ھاجىنى باش مۇھەررىرلىككە قويۇپ «يېڭى ھايات» گېزىتىنى چىقاردى ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ شىۋېتسىيە كاتولىك دىندارلىرىنىڭ قەشقەر ۋاكالەتخانىسىنى پېچەتلىدى، ئۇلارنىڭ

دۇردى. مەھمۇتنىڭ دىنىي تەشكىلاتلارنى تەشكىللەپ ۋەخپە مۈلۈكلەرنى يىغىۋېلىشىنى توستى؛ يەنە ئىلمىي ئۇسۇلدا پاختا، زىغىر تېرىشنى، قەشقەرنىڭ توقۇمىچىلىق كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

9- ئاينىڭ 20- كۈنى، قەشقەردە يەر تەۋرەپ، ئىسشىك- دېرىزىلەر ئېگىلىپ كەتكەن.

شۇ يىلى، مەھمۇت يېقىنلىرىدىن ئىمىن ۋاپىت، مۆمىن ئاخۇن ئىككىيلەننى ۋەكىل قىلىپ نەنجىڭگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭ سىياسىي ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئۆكتىچىلىرى مەسئۇت، ئەيسا ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپباشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ شىڭ شىسەينى ئۆرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغان.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھەر قايسى جايلاردا ھەربىي رايون تەسىس قىلغان، قەشقەر 10- ھەربىي رايون بولغانىدى. قەشقەر ھەربىي رايونى گارنىزون شىتابى تەسىس قىلىپ ھەربىي رايونغا قاراشلىق بارلىق قىسىملارنى بىردەك ئۆزىگە قاراتتى. مەھمۇتنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7- دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى قىلدى. قەشقەر مەمۇرىي باشلىقى ماشاۋۇ ماپۇشىڭ قالدۇق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن يارلىنىپ شىڭ شىسەيدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىش ھەققىدە رۇخسەت سورىدى. ۋاڭ باۋچيەن قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولدى.

2- قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن (ئىپتىدائىي دارىلمۇئەللىمىن) قەشقەر كونىشەھەر ئوردا ئىشىكى يولىدا قۇرۇلغان. تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھېسامىددىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قۇرۇلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ مەكتىپىنىڭ تۇنجى ئۆۋەتلىك مۇدىرى بولغان. كېرەمباغدىكى

(ئەلچى مەسلىھەتچىسى) دېگەن ئورۇنچىغا يالۋۇرۇپ كەل-
دى. شىڭ شىسەي رەت قىلغاندىن كېيىن قايتا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ ئەنگلىيە، ھىندىستانلىق ئادەم ۋە ماللىرىنىڭ
چېگرىدىن كىرىپ - چىقىشىنى قاتتىق كونترول قىلدى، ئەنگ-
لىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدىكى سىمسىز تېلېگراف
ئاپپاراتىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاشقورغان بىلەن قەشقەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئەنگلىيە پوچتا نۆۋەتچىسىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى پوچ-
تا خەت - چەكلىرىنى چېگرىدا ئالماشتۇرۇش بەلگىلەندى.

## 1935 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 24 - يىلى)

1 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى قەشقەر شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى ئۆرلۈك ئاخباراتلارنى توپلايدىغان بولدى.

3 - ئايدا، شىڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ، مەھمۇت شىجاڭ قەشقەر كونىشەھەردە چىقارغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىلىك ئۇي-
غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (يەنى ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسى) قۇرۇلدى. مامۇت شىجاڭ قەشقەردىكى دىنىي مۆتى-
ۋەر غوپۇر داموللىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىك سالاھىيىتى
بىلەن ئورۇنچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «پۈتۈن شىنجاڭ 2 - قېتىم-
لىق ئاۋام كونفېرېنسىيىسى» گە ئەۋەتتى. قەشقەرگە قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە چوڭ سىياسى-
تى» نى كۆچەپ تەشۋىق قىلدى. مەھمۇتنىڭ خەلق ئارىسى-
دىن يىغىدىغان دەرىجە ئىشلىرى ئىناۋىتىنى ئەمەلدىن قال-

شۇ يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم كونىشەھەر ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى بولغان.

قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى، ماتائارغىپ ئىدا-
رىسى قۇرۇلغان. قەشقەر شۆبە ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى
قەشقەر رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئۆز-
گەرتىلىپ، ھەرقايسى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىنى ئۆزىگە قاراتتى. چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپ ئاچقان چارۋا
ماللار دوختۇرخانىسى تۇنجى قېتىم قەشقەر كونىشەھەردە
قۇرۇلدى. شىنجاڭ چېگرا رايونلار ئىشلىرى باشقارمىسى
قەشقەر ئىش بېجىرگىش ئورنى قۇرۇلۇپ، 3-ئىنتېرناتسى-
ئونال ئاخبارات بيۇروسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ھەربىي ئاخ-
بارات ئورگىنى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆلكە ۋە
جۇڭگوغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئاخباراتىنى مەخسۇس توپ-
لاپ بەردى.

قەشقەر كونىشەھەردىكى «مەسچىت، مەدرىسلەرنى ئىسلا-
ھىي ھەيئىتى» يەنە بىر قېتىم مەبلەغ توپلاپ ھېيتگاھ جا-
مەسچىتىنى كېڭەيتتى ۋە بېزىدى.

كېرەمباغ دوختۇرخانىسى قەشقەر يېڭىشەھەر يېڭى
جەمەت، بېغىدا شۆبە دوختۇرخانا تەسىس قىلدى.

## 1937-يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 26-يىلى)

2-ئايدا، قەشقەر 7-دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى مەھمۇت ئىك-
كىنچى قېتىم شىڭغا قارشى ھەربىي ئۆزگىرىش مەخپىي پىلانىنى چاش-
قىلدى. مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى (سەنمۇجاڭى) قۇر-
بان سېيىت قارشى تۇردى، تۇڭگانجاڭ كىچىك ئاخۇن قەشقەرنى

ھەربىي دوختۇرخانا بىلەن ھىلال ئەھمەر دوختۇرخانىسى بىرلىشىپ، ئامان ئەپەندى باشلىق بولغان.

قەشقەر 7- دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇت ئادەم ئەۋەتىپ ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلدۇرغان.

## 1936 - يىلى ( جۇمھۇرىيەتنىڭ 25 - يىلى )

۴- ئايدا، شىڭ شىسەي قەشقەر مەمۇرىي باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن (سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىك ئەزاسى) غا تېلېگراما ئەۋەتىپ، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى غوپۇر دامولللىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، سودا - ساناەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتمەك بولغانىدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۇنى توسۇپ قويۇپ ماڭدۇرمىغان.

۶- ئاينىڭ 12 - كۈنى، كېچە، مەھمۇت ئادەم ئەۋەتىپ غوپۇر دامولللىنى قەشقەر كونىشەھەر ئۆتەك بازىرىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەتىسى، مەھمۇت ئادەم ئەۋەتىپ ماتەم تۇتقان.

12- ئايدا، مەھمۇت شىڭ شىسەي تەرىپىدىن سىقىلىپ، قەشقەردە شىڭغا قوراللىق قارشى تۇرۇشنى مەخپىي پىلانلىغان. يىغىنغا قاتناشقان يېقىن سىرداشلىرى تېخى پۇرسەت پىشمىدى، دەپ يالتايغان. شىڭ شىسەينىڭ يوشۇرۇنچە 7- دىۋىزىيە 1- پولكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان تۇەنجاڭى خەمىت جۇلچۇينىڭ قوماندانى لىيۇ بىنگا ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا مەخپىي دوكلات قىلىپ قويغان.

نىڭ بىلەن بىر چاغدا شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش خىتاب-
نامىسىنى ئېلان قىلدى.

4 – ئاينىڭ ئاخىرى، ئابدۇنىياز قىسىملىرى پەيزا-
ۋات، مارالبېشى، مەكىت، ئوچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى
ئارقا – ئارقىدىن ئىشغال قىلدى؛ 5 – ئاينىڭ باشلىرىغا
بارغاندا ئاقسۇغا قىستاپ باردى ھەمدە يېقىن يول بىلەن
كوچارنى قورشىدى، شايار، كورلىلارنى بولاڭ-تالاڭ قىلدى.
ماخۇسەنمۇ قىسىملىرىغا بۇيرۇق قىلىپ ماسىڭگۇينى يېڭى-
شەرگە قاۋاپ قويدى؛ يېڭىسار، كوچارنى ئىشغال قىلىپ،
ئۆزى يەكەنـدە تۇرۇپ ھەر قايسى قىسىملىرىغا قوماندان-
لىق قىلدى.

5 – ئاينىڭ ئاخىرى، شىڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيى-
سىدىن 5000 ئادەمنى يۆتكەپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى، ئۆلكىلىك
ھەيئەتنىڭ 248 – قېتىملىق يىغىنى تاشقى ئىشلار
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش-
لىقى ۋەنشيەنتىڭنى ۋاڭ باۋچيەننىڭ ئورنىغا قەشقەر مە-
مۇرىي رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا؛ قەشقەر گارنىزون شىتاب-
نىڭ شتاب باشلىقى جياڭ يۇفېننى ليۇ بىننىڭ ئورنىغا
قەشقەر گارنىزون قىسىملىرىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانلىقىغا
تەيىنلىدى. قەشقەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان ئۆلكىلىك ما-
لىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇشۇ كاڭنى تىنچلىق ھەيئىتى-
نىڭ قوشۇمچە ھەيئەتلىككە، قۇربان سېيىتنى قەشقەر 7 –
دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق
ھالدا قەشقەر، ھەربىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇدى.

رايون قوماندانى لىۋ بىڭغا مەخپىي دوكلات قىلىپ قويدى.
3 - ئايدا، شىڭ شىسەي پۈتۈن ئۆلكىلىك 3- نۆ-
ۋەتلىك قاۋام ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىش باھانىسى بىلەن
مەھمۇتنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلغاندا، مەھمۇت ئامال قى-
لىپ بېرىشنى رەت قىلدى.
4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مەھمۇت ئاقتۇغا ئوۋغا چى-
قىمەن دېگەن نام بىلەن يېقىن ئوفىتسېرلىرىدىن بىر نەچ-
چەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر كونىشەھەردىن يېڭىسارغا
كېتىپ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. مەھ-
مۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇنىياز ئوتتۇرىغا چىقىپ، 7-
دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىپ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قەش-
قەردىكى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. قەشقەر كونىشەھەر،
يېڭىشەھەرلەرگە تېگىش قىلىپ ئالالماي، ئۆرۈلۈپلا يەكەن،
پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرگە تېگىش قىلدى.
4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىڭ شىسەي خوتەندە تۇ-
رۇشلۇق ماخۇسەن (ماجۇڭيىڭنىڭ قېيىن ئاغىسى) گە تېلېگ-
رامما بېرىپ، ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر-
دىكى ئۆزگىرىش قىلغان قوشۇنلارغا شىمال ۋە جەنۇب تە-
رەپتىن قىسىپ زەربە بېرىشنى بۇيرىدى. 6- چېسلا ماخۇ-
سەن جاۋاب تېلېگرامما بېرىپ، ئەسكەر چىقىرىشقا رۇخسەت
سورىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى:
4 - ئاينىڭ 11- كۈنى، ماخۇسەن ئاشكارا ئاسىيلىق
قىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئابدۇنىيازغا ياردەملىشىپ قەش-
قەرگە ھۇجۇم قىلدى. كونىشەھەرنى ئىگىلەپ بارلىق يەر-
لىك ئەمەلدار، ئارمىيە باشقىچى ئوفىتسېرلىرىنى قامىدى.
ئەتىسى ماخۇسەن قىسمى يېڭىشەھەرنى قورشىدى ھەمدە شۇ-

ۋە ھىندىستاننىڭ سودىگەرلىرى ھەم ئادەملىرى قاتارلىق-
لار بىردەك قولغا ئېلىنىپ تازىلاندى، دەپ جاكارلاندى.
قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنا-
ئەن قەشقەر مەمۇرىي باشلىقى ۋە نىشيەنتىڭ، قەشقەر گارنى-
زون شتابى ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئورنىنىڭ جۇيجاڭى ۋاڭ
رۇشىن، قەشقەر يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوراقچىسى
شۇ خۇگېيۇ قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى يەرلىك ئورگانلار-
نىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى،
زىيالىيلارنى قولغا ئالدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن
شاكىر ئۇۋەنجاڭ (بۇ چاغدا قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ بول-
غانىدى) ھەربىي قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ سوراقنى
باشقۇردى. قەشقەر رايونىدىن جەمئىي 5 مىڭدىن كۆپرەك
ئادەم تۇتۇلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قەشقەر رايونىدا خائىنلار
مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، خائىنلار مۈلكىنى ئېنىق-
لاش ھەيئىتى ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى، قەشقەر گارنىزون
شتابىنىڭ قوماندانى جياڭ يۇفېن ھەيئەت باشلىقى، قەش-
قەرنىڭ مۇۋەققەت مەمۇرىي باشلىقى ئابدۇكېرىمخان مەخ-
سۇم بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇۋاجى
قاتارلىق 9 كىشى مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقى بولدى، 12
ھەيئەت تەسىس قىلىندى، ھەيئەتنىڭ ئورنى كونىشەھەر
ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش ئورنىغا قو-
يۇلدى.

شۇ يىلى، قەشقەردىكى سابىق «يېڭى ھايات» گېزىت-
خانىسى ئاساسىدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر شۆبىسى

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسى مارالبېشى، ئاقسۇلارنى ئارقىمۇ ئارقا يەڭدى.

9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، كونستانتىنوپ باش قوماندانلىقىدىكى، شاكىر تۇەنجاڭلىقىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر تارماق قوشۇنى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ۋۇرغاتتىن ئېغىزىدىن چېگرا ئىچىگە كىرىپ، مەۋلانوپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتلىق پولكى، ئۇلۇغچاتلىق ئىسھاقبېكنىڭ قىرغىز ئاتلىق پولكى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەر كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرنى تارتىۋالدى.

10 ـ ئاينىڭ بېشى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى يەكەننى ئىشغال قىلدى، ماسىڭگوي قىسىملىرى يېڭىشەھەردە تېلىگرامما يوللاپ تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ماخوسەن خوتەنگە قاچقاندىن كېيىن، مال ـ دۇنيالىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قاچتى. قەشقەردىكى ھەربىي ئۆزگىرىش تىنچىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىرغىز (مەۋلانوپ قوماندانلىقىدىكى) ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسمى بىلەن مايور ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق پولكى قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلىدى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شاكىر تۇەنى خوتەندە مۇداپىئەدە تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەي دائىرىلىرى مايور ئىسھاقبېككە ئىككى ئالتۇن ئوردېن تارقاتتى.

10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە شىڭ شىسەي: ئومۇمەن بۇرۇن تۆمۈر، ئوسمان، سابىت داموللا، ماخوسەن، مەھمۇتلار بىلەن بىرگە قالايمىقانچىلىق قىلغانلار، ئەنگلىيە

مەت تەرەپ باشقۇرغان قەشقەر مەتبەئەخانا قۇرۇلغان.

7 - ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىگمان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر ئىسكەباينى قەشقەر كونىشەھەردە جاسۇسلۇق قىلىشقا قۇتراتتى. قەشقەر يەرلىك ھۆكۈمەت تەرەپ ئەنگلىيە كونسۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ، جىنايەتچىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە جۇڭگو تەرەپ سوت كوللېگىيىسى ئاشكارا سوراق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بىگمان ئىسكەباينى ئاقلاپ تۇرۇۋالغاچقا ھەم كونسۇلخانىغا يوشۇرۇپ قويغاچقا سوراق قىلىشقا ئامال بولمىغان.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا چېتىلىدىغان ئاتالمىش «قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 31 - تۈمەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن» دېگەن خەلقئارالىق سىياسىي ناھەق ئەنزە يۈز بەرگەن. 31 - تۈمەننىڭ تۈمەنجاڭى ئابدۇقادىر قاتارلىق ئون نەچچە ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوفىتسېرلار قولغا ئېلىنغان. ئۆلكە شەھىرىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇنجاڭى قۇربان نىياز قاتارلىق كىشىلەرمۇ بۇ ئەنزىگە قول تىققان، شېڭ شىسەي ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىم گۇرۇپپا ئەۋەتىپ تەكشۈرگەن.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىسىدە 1 - ئىشچىلار كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، قەشقەردىكى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات، مۇۋەققەت مەمۇرىي باشلىق ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سو-

قۇرۇلدى، ئۆلكە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن لى تەيىۋ باشلىق، قوتلۇق ھاجى باش مۇھەررىر، سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن خەلپەت سوزۇك ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر تەھرىر بولۇپ، «قەشقەر-شىنجاڭ گېزىتى» نى چىقاردى. گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچىسى قوغۇشۇن مەتبەئەدە، خەنزۇچىسى شاپىگرافتا بېسىلدى. راسخوتىنى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنلەپ بەردى.

## 1938 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 27 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە قەشقەر رايونى بويىچە 1 - قېتىملىق ۋە 2 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭ خەلقى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش ئارقاسىدا ياردەم ئۇيۇشمىسىنى رەسمىي قۇرۇش قارار قىلىندى، ئورنى قەشقەر كونىشەھەر خەلق ئۇيۇشمىسىدا بولدى. سابىت ئۇراھىم ھەيئەت باشلىقى، ۋۇچىجۇن، ھەپىز ئىخان مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقى بولدى. شۇ يىلى ئىئانە قىلىنغان پۇل، مال - مۈلۈك قەشقەر، پۇلىغا سۇندۇرۇلغاندا 22 مىليون 268 مىڭ 744 سەركە، ئاقچا 91 مىڭ 996 يوەنگە يېتىپ، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىلگەن.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 35 - پولكنىڭ ئىككى لىيەنى ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ سىرتقا قاچقاندا، ئۆلكىلىك ئارمىيىنىڭ تاشقورغان، چېگرا مۇداپىئە دادۈيى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، نەققارى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان.

شۇ ئايدا، ئامېرىكا ماشىنىلىرىنى قوللىنىپ ھۆكۈ-

21 مىڭ 302 بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرگەن.

شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ قەشقەر كونىشەھەر شۆبە بانكىسى قۇرۇلغان.

قەشقەر رايونلۇق چارۋىچىلىق شۆبە ئىدارە تەسىس قىلىنغان. قەشقەر مال دوختۇرلۇق شۆبە باشقارمىسى بىلەن مال دوختۇرلۇق لابوراتورىيە، پونكىتى چارۋىچىلار دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدە قۇرۇلغان.

## 1940 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 29 - يىلى)

1- ئايدا، كونىشەھەر ناھىيىسىدە قورال - ياراق ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي قورال - ياراق، ئوق-دورا ساقلىغانلار، پەردەك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇردى، بەلگىلىمە بويىچە باھا قويۇلدى.

2- ئاينىڭ 19- كۈنى، ئېبلى داۋۇت كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

3- ئاينىڭ 8- كۈنى، «قەشقەر رايونلۇق خوتۇن-قىزلار جەمئىيىتى» كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، گازىنزون قوماندانى جياڭ يوفېننىڭ خانىمى مۇدىر بولدى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سابىت ئۇرايىمنىڭ ئايالى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋۇنەيىمن (لى يۈنيائىنىڭ ئايالى) مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

5- ئايدا، ئۆلكىلىك 3- (قەشقەر) دوختۇرخانىسى بىر يىللىق مۇددەت بىلەن تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، 62 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭدىن 22 ئادەم قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدىن. ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۇرسانتلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ

ۋېت ئىستېپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئاتانىرە سوۋغىتىكە چوشۇشىگە مۇيەسسەر بولغان.

## 1939 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 28- يىلى)

1- ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى گاۋ دېڭباڭ قەشقەر رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لى يۈنياڭ (لى جىلياڭ) قەشقەر رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

3 - ئايدا، كونىشەھەردە توك كۈچى 250 كىلوۋاتلىق قەشقەر توك يىلەن يورۇتۇش زاۋۇتى قۇرۇلغان.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كونىشەھەر نااھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغىلاڭ قىلىۋاتقان، ئەنگلىيە جاسۇسى ئىنور ئاخۇننى كونچىنىلا قولغا ئالغان.

5 - ئايدا، ئۆلكىلىك تاشيول يىغىنى ئېچىلىپ ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن خوتەنگىچە تاشيول ياساشنى باشلاش قارار قىلىنىدى. شۇ ئايدا، كونىشەھەر ناھىيىسىدە يەنە ئاشلىق جۇغلاپ قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغان.

6 - ئايدا، سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ ئاچقان ياغ زاۋۇتى قۇرۇلغان.

شۇ يىلى، قەشقەر كونىشەھەردىكى كېرەمباغ دوختۇرخانا ئۆلكىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا قاراپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق 3- دوختۇرخانا دېگەن نام بېرىلدى، خوجىزۇبەي ۋېيىنىڭ يۈەنجاڭ بولدى. شۇ يىلدا، بۇ دوختۇرخانىدا

راسخوتى ئۈچۈن 100 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

## 1941- يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 30 - يىلى)

5- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ مۇ (گېزىتخانا باشلىقى) بىلەن گاۋدېڭباڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) قەشقەر كونا شەھەردە باشلامچىلىق بىلەن «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ، ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە كومپارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، كونا شەھەر ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆر لۈك يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 129 نى ئىمپورت قىلىپ كونا شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا 116 نى سېتىپ بەردى.

شۇ يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - (قەشقەر) دوختۇرخانا دورىگەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 20 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، كۇرستىن كېيىن بىر بۆلۈكلىرىنى تاللاپ قەشقەر كونا شەھەردە ھۆكۈمەت ئاپتېكىسى قۇرۇلغان (كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا شىركىتى بولۇپ ئۆزگەرگەن)؛ قالغان ئادەملەرنى ھەر قايسى ناھىيە سەھىيە ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىپ ئەۋەتكەن.

## 1942 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 31 - يىلى)

1 - ئايدا، شى جۈڭكاڭ كونا شەھەر ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم، قۇيىچۈن مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. شەھەر ئىچىدە مەدراس مۈلۈك بېجى ئېلىنىش يولغا قويۇلدى.

ياۋروپاچە دوختۇرخانىلارنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قال-
غان (ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر 1 - خەلق دوختۇرخانىسىغا
1 - نۆۋەت مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ئابدۇرىشىت قارى دەل
مۇشۇ يەرنى پۈتتۈرگەن).

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۇدا ئۈچ كۈن قاتتىق يام-
غۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپىتىگە ئايلاندى، كونىشەھەرنىڭ يار-
باغ دەرۋازىسىنى، تۆشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكىنى كەلكۈن سۇ
ۋەيران قىلدى، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شى جىڭكاڭ ئېلى داۋۇتنىڭ
ئورنىغا كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى.

شۇ يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئە-
زاسى ۋاڭ مۇ ۋاڭ باۋچىيەن باشچىلىقىدىكى
جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىگە ئەگىشىپ
قەشقەرگە كەلدى. باھار ئايرىمىدىن كېيىن، ۋاڭ مۇ ئۇل-
كە تەرەپنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قەشقەردە قېلىپ «شىنجاڭ
گېزىتى» قەشقەر شۆبىسىنىڭ تەھرىر باشلىقى بولدى؛
9 - ئايدا لى تەييۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر شۆبە گېزىتخانى-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ۋاكالىتەن باشلىقلىق ۋە-
زىپىسىنى بېجىرىپ تۇردى.

قەشقەر تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلۇپ 80 ئاپپارات ۋە
بىر كوموتاتور قۇراشتۇرۇلۇپ قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدى-
كى تېلېفونلارنى باشقۇردى. تېلېفون ئىدارىسى قەشقەر
ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە قۇرۇلۇپ 1 - دەرىجىلىك ئى-
دارە قىلىپ بېكىتىلدى.

قەشقەر ھاۋا رايى ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇلۇپ شۇ يى-
لىلا ئىش يۈرۈشتۈرۈش راسخوتى ئۈچۈن 150 يۈەن، خىزمەت

خانىسىنى كېڭەيتىپ ياسىدى، دوختۇرخانا مۇدىرى بەيى ۋېيتىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئورنىغا شۆلىن مۇدىر بولدى، دوختۇرخانىدىكى سوۋېتلىك دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇپ كېتىلدى.

— شىڭ شىسەي سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشقا باشلاپ، يوشۇن سودا شىركىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ 12 بالا شىركىتى ئارقا - ئارقىدىن تاقالغان، قەشقەردە مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ تۈرلۈك ماللار تولىمۇ كەم بولغان.

— قەشقەر كونىشەھەردىن ئۇلۇغچاتقىچە تاشيول ياسىلىشقا باشلىغان.

قەشقەر تېلېگراف ئىستانسىسى 7 - ئىستانسىغا ئۆزگەرتىلىپ، 2 - دەرىجىلىك ئىستانسا قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.

## 1943 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 32 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈلكە شەھىرى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تامۇژنىسى قۇرۇلغان، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تاش بازىرىدا قەشقەر شۆبە تامۇژنا قۇرۇلۇپ، تۆۋەندە بەرىكەشتام، تاشقورغان، يەكەن ئۈچ ئورۇندا تارماق تامۇژنا قۇرۇلغان.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قەشقەر مەمۇرىي رايون ۋالىي مەھكىمىسى بۇيرۇق يەتكۈزۈپ، كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆزلۈكىدىن نورغۇن پۇل ئىئانە قىلىپ يول، كۆۋرۈك ياسىغان سودىگەر ياسىن ئاخۇن يىلەنكۆۋرۈك يانىشىغا تەشكىللىگەن جىجاڭ (مەھەللە باشلىقى) روزىنى تارتۇقلىغان.

2 ـ ئايدا، ۋاڭمۇ شىنجاڭ كېزىتخانىسىغا باش تەھ-
رىر بۆلۈمىگە تەھرىر بولۇپ يۆتكەلدى، ئاقسۇدىن جۇڭگو
كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جېن يۈەنچىڭ قەشقەر شۆبە كېزىتخانا
باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

4 ـ ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋۇ نەيىەن
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ئۈرۈم-
چىگە بېرىپ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا
قاتناشتى.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئىشىجىزكاڭ ۋەزىپىسىدىن ئاي-
رىلىپ، فۇيىمچۈن مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چيۇكوجېن كونىشەھەر ناھى-
يىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولۇشقا بۇيرۇق كەلدى (ئىك-
كىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېلىپ ۋەزىپىگە ئول-
تۇرغان). مۇشۇ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى
ئەمەلدار، خىزمەتچىلەر جەمئىي 40 قا يەتكەن. ۋاڭزو
مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىسى سودا-
سانائەتچىلەر جەمئىيىتى، مەھەللە باشلىقلىرى، باشقارما
مۇدىرلىرى قاتارلىقلار قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، شەھەر
سېپىلىنى تولۇق ياساشنى، سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيلەر-
نى تۈزەشتۈرۈشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ئاچقان قەشقەر ئىپتى-
دائىي دارىلمۇئەللىمىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتى-
لىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشىلاندى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ئۆل-
كىلىك 3 ـ (قەشقەر) دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى بۆلۈم كېسەل-

بولغان. كونىشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك ناھىيە قاتارىغا ئېلىنىپ، تۆۋەندە ئاۋام ئىشلىرى، مالىيە، ئىسلاھات، مائارىپتىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم قۇرۇلغان. جۇڭگو گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىلىك شتابى قۇرۇلۇپ شىن لىجۇڭ تۇنجى باش كاتىپلىقىنى ئۆتىگەن.

شۇ يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ھەيئەت مال باھاسىنى تەكشىلەش ئۈچۈن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىق توققۇز خىل ئاشلىقىغا چەكلىمە باھا قويغان.

قەشقەر ئىپتىدائىي دارىلمۇئەللىمىن قەشقەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىگە تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى شى بىگىيى قوشۇمچە ئۆتىگەن.

قەشقەر كونىشەھەردە ئىپتىدائىي كەسپىي مەكتەپتىن بىرسى قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى توقۇمىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئاشپەزلىك سىنىپلىرىنى ئاچقان.

## 1944 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 33 - يىلى)

1 - ئايدا، قەشقەر كونىشەھەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مەركىزىي كۆدەكلەر باغچىسى قۇرۇلۇپ 125 نەپەر كۆدەك بالا قوبۇل قىلىنغان. قەشقەر ۋىلايىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغان. كونىشەھەر ناھىيىسىدىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان.

5 ـ ئايدا، قەشقەردە خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر، مەشقاۋۇللار، دوختۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئومۇمىي يۈزلۈك چىقىرىپ ناھىيىدىكى ئىدارە ئورۇنلار ئايمۇئاي «پۇقرالار ئايلىق يىغىلىشى» نى ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

6 ـ ئايدا، مايور ئىسھاق قىبەك تاشقورغاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە ئىنقىلابىي پارتىزان ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئاۋازىنى ياڭراتقانىدى.

7 ـ ئايدا، قەشقەر مەمۇرنى باشلىق مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكە 3 ـ (قەشقەر) مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، مەھكىمە قەشقەر كونىشەھەرگە تەسىس قىلىنغان.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، «ھاۋا ئارمىيە بايرىمى»غا ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەركىتىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، كونىشەھەر پۈتۈن ناھىيە بويىچە 80 مىڭ يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلىنغان.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق ئون چوڭ شەھەردە يېزا، بازار، قورۇق، توپ بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە شەھىرىدە (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىدە) يېزا تەسىس قىلىنمىغان، 13 بازار، 115 قورۇق، 1259 توپ، 10 مىڭ 948 ئائىلە

تەقدىم قىلىش ھەيئىتى تەشكىللەپ، مەزكۇر ۋىلايەتكە 1500 ھەربىي ئات تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسىنى قويغان، بۇ يېڭى پۇلغا سوندۇرۇلسا 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولاتتى، بۇنىڭدىن كونىشەھەر ناھىيىسىگە 322 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 460 ئات تەقسىم بولغان؛ شەھەر رايونى ئىچىدىكى ھەر ساھە خەلقى تەقدىم قىلغان ئات 180 دانە، 126 مىڭ يۈەن قىممىتىدە بولۇپ، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئەينەن يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان.

3 - ئايدا، قەشقەردە ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتكەنىدى. قەشقەر سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى جۇۋا تەشكىللەپ بازارغا زور مىقداردا ئاش سېلىپ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ؛ بىر كۇرە بۇغداي 30 يۈەندىن 26 يۈەنگە، بىر كۇرە كۆممىقوناق 20 يۈەندىن 19 يۈەنگە، بىر كۇرە ئاق قوناق 20 يۈەندىن 18 يۈەنگە، بىر چارەك (16 جىڭ) ئاق ئۇن 15 يۈەندىن 14 يۈەنگە چۈشكەن.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، گېرىد بېگىمانىنىڭ ئورنىغا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولدى. ئۇ ئالتە يىل يوشۇرۇپ كەلگەن جاسۇس رىنكە باينى قويۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ياپون شىنجاڭنى ئىگىلەۋالدىكەن، دېگەن ئىغۋالار كونىشەھەر كوچىلىرىدا تارقىلىپ يۈردى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئازادلىق ھەرىكىتىنى كېڭەيتىپ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاھالىلەرنى تەشكىللەپ چوڭ ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بار-

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «ئىنتىپاق غالىبىيەت زايومى» سېتىش يولغا قويۇلغاندا، قەشقەر ۋىلايەتلىك زايوم سېتىش ھەيئىتى قۇرۇلغان؛ 10 ئەرلەر تەشۋىقات دۈيى، ئۈچ ئاياللار تەشۋىقات دۈيى تەشكىللەپ ئۆيمۇ ئۆي تەشۋىق قىلغاندىن سىرت، ئەرلەر تەشۋىقات دۈيى كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىق قىلغان، ھەر قايسى ئىدارە، ئورگانلار بىردەك تەقسىم قىلىپ سېتىۋالغان؛ بۇنىڭدىن كونىشەھەر ناھىيىسى جەمئىي 462 مىڭ 900 يۈەنلىك (يېڭى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا) سېتىۋېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان «ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، خەن يۈنچىڭنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم، جيا خۇجانىڭ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇشى ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئەمەلدارلار، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار بولۇپ جەمئىي 45 كىشى بار ئىدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قەشقەردە پىلە ـ ئۈجمىچىلىك ئىسلاھات ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، نامى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىلە ـ ئۈجمىچىلىك ئىسلاھات ھەيئىتى 3 ـ رايون شۆبە ھەيئىتى» دەپ ئاتالغان ھەمدە 16 ـ كۈنى كونىشەھەردە 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر چوڭ يىغىنى ئاچقان.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئىلانات تەقدىم قىلىنىش ھەققىدە ئاممىغا مۇراجىئەت» چىقىرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ئاتلارنى تەقدىم قىلىشقا چاقىرغان. قەشقەر ۋىلايىتى ئات

لاپ، ئاندىن ئوقۇشقا كىرىش ئىشلىرىنى بېجىرگەن.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش» ئىئانە ھەيئىتى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئايروپىلان ئىئانە قىلىشنى چاقىرىق قىلغانىدى. قەشقەر ۋىلايىتى 12 ئايروپىلان ئىئانە قىلغان، ئۇنىڭ قىممىتى 183 مىڭ 258.75 يۈەن بولغان، كونىشەھەر ناھىيىسىلا تۆت ئايروپىلان ئىئانە قىلغان بولۇپ نامىنى «كونىشەھەر 1-4» دەپ ئاتىغان.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە پاسسىژىر نۆۋەتچى ماشىنا قاتناش باشلانغان، ھەر ئايدا بىر نۆۋەت، ھەر نۆۋەتتە ئىككى ماشىنا ماڭاتتى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، قەشقەردە يەر تەۋرىگەن، كونىشەھەردە بەش بالغا يەتكەن.

شۇ يىلى، قەشقەردە گومىنداڭنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شىتابى» قۇرۇلغان (يېڭىشەھەردە تۇراتتى). ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاتلىق 9 - بىرىگادا قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدە (بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئورنى) تۇرغان.

ئۆلكىلىك 3 - (قەشقەر) دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر كېسەلخانىسىنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ يېڭىشەھەردىكى شۆبە دوختۇرخانا كۆچۈپ كەلگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ شتاتىنى 27 كىشىگە مۇقىملاشتۇرغان. بۇنىڭدىن ئىچكى، تاشقى بۆلۈمدە مەسئۇل دوختۇر ئىككىدىن؛ ئاياللار، تېرە كېسەللىكلەر، بەش ئەزا بۆلۈملىرىدە مەسئۇل دوختۇر، ۋە مەسئۇل دور-

دى. ھەمدە 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىنى كۈزلۈك تازىلىق ھەرىكىتى كۈنى قىلىشنى ھەمدە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى بېكىتتى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، سوۋېت دېجۇنى يۆتكەپ كېلىپ خەنيۈەنچىڭنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا قويدى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئېسىھاقبەگ تاشقورغاندا قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغىدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا يارىلانغانلارنىڭ دوستى بولۇش ھەرىكىتى» گە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كونىشەھەر ناھىيە قاتارلىق توققۇز ناھىيە جەمئىي 8309.5 يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلغان.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قەشقەر كونىشەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبى (بۈگۈنكى قەشقەر شەھەرلىك ھېيتگاھ كىنو ـ تىياتىرخانىسى) دا قەشقەر خەلق مائارىپى يۇرتى قۇرۇلۇپ، تەشكىلات، مائارىپ، سەنئەتتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىلغان ھەمدە قارمىقىدا خەلق مەكتىپى، كۇتۇپخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، تىياتىر، ناخشا، مۇزىكا قاتارلىق بۆلۈملەر قۇرۇلغان، شۇ كۈنى سىرتقا ئېچىلغان.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىسى يىغىن ئېچىپ «خەلق مائارىپى بويىچە مەجبۇرىي مەكتەپكە كىرگۈزۈش ھەيئىتى» نى تەشكىللىگەن ھەمدە ناھىيە، شەھەردە بەش ئورۇندا بازارلىق ھەيئەت تەشكىللەپ مەكتەپكە كىرگەن بالىلارنى، ئوقۇشتىن قالغانلاردىن ئوقۇشقا كىرىدىغان قىزلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تىزىم

12 ئورۇن، 82 مو بىنام يەر، 284 مو تېرىلغۇ يەر، 189 مو زېمىن، 122 مو بېدە، ئۇرۇق سېلىنمىغان 66 مو يەر، 48 مىڭ 425 تۈپ مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخ، 18 ئېغىز ئۆي قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتكەن.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى خام بازىرىدا ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇر بەگ مەسئۇل بولغان.

8 ـ ئايدا، تاشقورغاندىكى ئېسھاقبېكنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى قەشقەردىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغىغان. قەشقەردىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن قەشقەر تۈرمىسىدە قاماقلىق 396 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان، قەشقەردىكى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق 42 ـ كورپۇسنىڭ جۇنجاڭى ياڭ دېلياڭدىن قىرغىننى توسۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان؛ يەنە سوۋېتنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى باتنوۋ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلغان، كېيىن بۇ قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئىجرا قىلىنمىغان.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەردىن ئىبارەت ئىككى شەھەردىكى نەچچە تۈمەن خەلق قىزىل دەريا بويىدىكى مەيدانغا توپلىنىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغان. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە گومىنداڭ پىرقىسى كونىشەھەر شتابىنىڭ باش كاتىپى شىن لىجۇڭ يىغىندا ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ئاكتىپ ئىئانە بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىگەن. چوڭ يىغىن ئېچىلگەن.

گەرلەر بىردىن؛ تەكشۈرگۈچى، ئاكشىيوركا، ئۆگەنچ دورب-گەرلەر بىردىن؛ شېھىتلەر 16 نەپەر، داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئۈچ-چۈن ئاجرىتىپ بەرگەن راسخوت 15 مىڭ يۈەن بولغان.

قەشقەر كونىشەھەردە قول بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان قەغەز زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلغان، كېتەرلىك راسخوتنى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان.

قەشقەر ۋىلايىتى ئېلېكتىرلىك ئوقۇتۇش (كىنو، كۆلەڭگۈ چۈشۈرۈش چىرىغى، رادىئوغا تارتىپ) ئەترىتى ۋە سەييارە ئوقۇتۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى تارقاتقان تاللانما نومۇرلارنى قويغان ھەمدە «ئېلېكتىرلىك ئوقۇتۇش ۋە ئىجتىمائىي تەربىيە سەييارە خىزمىتى ئەترەتلىرىنىڭ تەشكىلىي مىزانى»نى ئېلان قىلغان. قەشقەر ۋىلايىتىگە كېرەكلىك كىنو ئاپپاراتى، فىلىم، كۆلەڭگۈ پلاستىنكىسىنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بەرگەنتى.

## 1945 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 34 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىن لىجۈك كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن، 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سۇڭ دىجۇ بىلەن تاپشۇرۇۋېلىشىپ ۋەزىپىدە ئولتۇرغان.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - (قەشقەر) رايون مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە يېڭى ئەمەلدار تەيىنلەنگەن، گوڭ پېيلى باش ۋالىي، جاڭ ئەيسۇڭ مۇئاۋىن ۋالىي بولغان.

4 - ئايدا، ئاتۇش تەرەپتىن كەلگەن كىلىپ، كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزا 8 - قورۇققا تەۋەككۈلەردىن

دانى جاۋشىگۇاڭ جەنۇبقا يۆتكىلىپ يول بويى خىزمەتلەر-
نى كۆزدىن كەچۈرۈپ قەشقەرگە كەلگەن.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىسى شەھەر
ئىچىدىكى ھەر قايسى كوچىلارنىڭ نامىنى ئۆزگەرتكەن.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى
«شىنجاڭ سابىق باش ۋالىي (شېڭ شىسەي) مەھكىمە خەلق مال-
مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھەيئىتى» چىقارغان «سابىق باش
ۋالىي مەھكىمە مۇسادىرە قىلغان خەلق مال- مۈلكىنى ئې-
نىقلاش توغرىسىدىكى يەتتە تۈرلۈك چارە» نى تارقاتقان-
دى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاپپارات قۇرۇپ ئې-
نىقلاپ ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇشنى تاپىلىغان.

9- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى
قەشقەر مەمۇرىي مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا
كۆرسەتكەندە رەئىس جاڭجىجۇڭ قوشۇلغان. قەشقەردە تۇ-
رۇشلۇق 42- كورپۇسنىڭ جۇنجاڭى ياڭدېلياڭ خەلقنى قۇت-
رىتىپ توسقۇنلۇق قىلىپ، باشقا ۋالىي ئەۋەتىشنى تەلەپ
قىلىپ تۇرۇۋالغان. جاڭجىجۇڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش
قوماندانى سۇڭشىليەننى قەشقەرگە ئەۋەتىپ خىزمەتلەرنى
كۆزدىن كەچۈرتكۈزگەن ھەم تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۆن-
دۈرگۈزگەن.

10- ئاينىڭ 5- كۈنى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلى-
رىدا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىلىپ ھاكىمىيەت ئەمەل-
دارلىرىنى ۋە ئۆلكە، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك مىنەسلەھەت
كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش بولغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ نازىرى سەيپىدىننى قەشقەر ۋىلايىتى-

سائەت سەككىزدىن تارتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتە بىلەن ئاندىن ئارقىغان.

10ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، قەشقەر يەرلىك تىنچلاندۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شىن لىجوك مۇئاۋىن مۇدىر بولغان.

10ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلۇپ، ئىبراھىم ھاجى كېڭەش باشلىقى بولغان، كېڭەش ئەزاسى 31 نەپەر ئىدى.

12ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى، رىن يىسەن شىن لىجوڭنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ياسىن سەتەك مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

شۇ يىلى، قەشقەر پوچتىخانا بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارىگە ئەسلىگە كەلدى، قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

رەھمىتۇللا ئۆلكىلىك 3ـ (قەشقەر) دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

يىل ئاخىرىدا، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، مەزكۇر كونسۇلخانىنى ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستان ۋە پاكىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھىندىستان پاكىستاننىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

## 1946 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 35 - يىلى)

3 ـ ئايدا، كونىشەھەر ناھىيىسى يېزا- بازار خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، يېزا باشلىقى، بازار باشلىقىنى ئۆزگەرتىپ سايلىغان.

5 ـ ئايدا، شىنجاڭ كارنىزون مۇئاۋىن باش قوماند-

ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، تۆمۈر يول ياساشقا تەييارلىق كۆردى (ئاساسلىقى كەينى، شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياساشقا). شىنجاڭ گېزىتىسى كەينى — كەينىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، قوللىغانىدى.

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ گېزىت نامىمۇ «ئاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرگەنىدى، باش مۇھەررىرلىكنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئەھمەت زىيا، ئالىم ئاخۇنلار ئۈستىگە ئالغانىدى.

## 1947- يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 36- يىلى)

1- ئايدا، كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدار، خىزمەتچى، ئىشچىلار ئۇمۇمىي سانى 82 دىن 45 كە قىسقارتىلغان.

3- ئاينىڭ 9- كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى «25- فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» قەشقەردىكى ھەرساھەنىڭ ھەققانىي نەپرىتىنى قوزغىدى، سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى. 24- كۈنى 1000 دىن ئارتۇق كىشى يەنە كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ «گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن»، «فابى (قانۇنلۇق پۇل مەنىسىدە؛ 1935- يىلدىن كېيىن گومىنداڭ تارقاتقان قەغەز پۇل — تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى) نى چەكلەيلى» قاتارلىق شوئارلارنى توۋلاپ، «ئىنتېرناتسىئونال» نى جاراڭلىق ئوقۇغان؛ بەزىلەر كونىشەھەردىكى بانكا ئۆگزىسىگە چىقىپ، تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ، ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشۇپمۇ قالغان.

نىڭ سايلام نازارەت كۆرۈپچىسىغا مەسئۇل بولۇشقا، ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان ۋە ئىسلا-
ھات نازارىتىنىڭ نازىرى ئەمىن ئىمككەيلەننى يەكەن ۋە
خوتەن ۋىلايەتلىرىگە سايلامغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن،
ئۇچەيلەن قەشقەر كونىشەھەرگە بىرلىكتە كەلگەن. ئۇچەي-
لەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ قەشقەرگە ۋالىي بولۇشى
ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسەت مەسىلى-
لىرى ھەققىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ كونىشەھەردە كۆپ
قېتىم سۆزلىگەن ھەمدە گېزىتلەرگىمۇ بېسىلغانىدى. يە-
پىدىن قەشقەردە سايلام ھەيئىتى قۇرۇش، دېموكراتىك ساي-
لامدىن كېيىن ھاكىم بولۇش، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭە-
شى ۋە ئۆلكىلىك مەسلىھەت ئەزالىرىنىڭ نىسبىتىنى 70% بو-
لىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سۆزلىگەن. گومىنداڭ
كۈچلىرى سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ دېموكراتىك ساي-
لامنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇزمىدى. ھەمدە سايلاپ چىقىلغان ھا-
كىم ۋە كېڭەش ئەزالىرىنى بەتنام چاپلاپ قولغا ئالدى يا-
كى نازارەت قىلدى.

11- ئاينىڭ 3- كۈنى، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قو-
ماندانى سۇڭ شىلىيەن جاۋشىڭۋاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ گار-
نىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42- كور-
پۇسىنىڭ جۇنجاڭلىقىغا ئەۋەتىپ، يېڭىشەھەردە تۇرغۇزدى؛
مەزكۇر كورپۇسنىڭ ئاتلىق 9- بىرىگادىسى يەنىلا كونى-
شەھەردە تۇرۇۋەردى، بىرىگادا باشلىقى ما پىڭلىن ئىدى.

12- ئاينىڭ 8- كۈنى تۇرسۇن ئېلى كونىشەھەر نا-
ھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولدى.

شۇ يىلى، قەشقەردىكى ھەر قايسى ساھەلەر ئۆمۈر يول

مان روزى ھاجى ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇپ يولغا چىقىشقا تەييارلانغان.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاڭ جيېجۇڭ قاتارلىقلار خوتەننى كۆزدىن كەچۈرۈپ قەشقەر كونىشەھەرگە كەلگەن، ۋالىي مەھكىمىدە ناھىيە ۋە ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىگە ئەزا بولۇپ سايلانغانلارنى، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچقان، يىغىندا جاڭ جيېجۇڭ «كۆپچىلىك ھەر خىل زىددىيەتلەرنى چىقىرىپ تاشلىغانىدىلا، ئاندىن ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە قۇرۇلۇشنى باشلىغىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن سۆز قىلغان، سۆزدە خاتالىق كۆپ بولغاچقا خەلقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردىكى 5 - 6 مىڭ ئادەم كېچىدە جاڭ جيېجۇڭ چۈشكەن ۋالىي مەھكىمىسىنى قورشىۋالغان. يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق 42 - كورپۇسنىڭ جۇڭجاڭى جاۋ شىڭگۇاڭ ھەربىي ماشىنا ئەۋەتىپ، جاڭ جيېجۇڭنى قۇتقۇزۇۋېلىپ كورپۇس شتابىغا ئېلىپ كەتكەن. ئەتىسى سەھەردە جاڭ جيېجۇڭ قاتارلىقلار يېڭىشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرودرومدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەتكەن.

5 - ئايدا، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42 - كورپۇس رەتلەنگەن 42 - دىۋىزىيىگە ئۆزگەردى، جاۋ شىڭگۇاڭ دىۋىزىيە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەنىدى.

شۇ يىلى، قەشقەر «ئاق كېزىتى» نىڭ «قەشقەر - شىنجاڭ كېزىتى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلدى، ئەمەت زىيا باشلىق، ھامۇت سىدىق مۇئاۋىن باشلىق بولدى، ئۇرمە مەمەت بىلەن

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قەشقەر تامۇژنىسى بۇيرۇققا بىنائەن ئالتە ماددىلىق «ئەپيۇننى مەنئى قىلىشتىكى جازا ـ مۇكاپات چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنى قەتئىي مەنئى قىلغان. چېگـرىدىن كىرگەن زەھەرلىك بۇيۇملار ئەتكەسچىلىرىنى تەكـشۈرۈپ تۇتقان.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشـمە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان، مەسئۇت، ۋاڭ زىڭشەن، ئەيسا، چۇۋۇ، لىيۇزېرۇڭ قاتارـلىق ئون ئەچچە كىشى قەشقەرگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈرگەن.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار قەشقەر كونىشەھەردىكى ئاممىۋى يىغىنغا قاتناشتى، جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى كەسكىن قاتتىق بولۇپ، سورۇن كەيپىياتى كىشىنى زېرىكتۈرەتتى.

4 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغان، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا چاـقىرىپ، ئۆلكە رەئىسىنى دېموكراتىك سايلاشقا قاتناشتۇرـغان. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغانلار 20 دىن ئاشاتتى. كونىشەھەر ناھىيىسىدىن سايلانغانلار ئوسمان داموللا، يۈسۈپ قارى ھاجى، ئەمەت قازى ئاخۇن، سۇزۇك ھاجىيوپ، سىدىق مۇسا يوپتىن ئىباـرەت بەش كىشى ئىدى. ھەر قايسى ناھىيـلەرنىڭ ۋەكىللىرى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قەشقەر كونىشەھەرگە يىغىلىپ، ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخـسۇم بەلگىلىگەن سۇزۇك ھاجىيوپ باشلىغۇچى، ئابدۇزاخـ

بىنى ئىشلار يىغىنىدا قاتناشقان. ئاي ئوتتۇرىسىدا جاۋشىڭگۇاڭ قەشقەرگە قايتىپ كونىشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق توققۇزىنچى بىرىگادىنىڭ باشلىقى ماپىڭلىنغا دىۋىزىيە شتابىدا يىغىن بار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىپ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىغان.

6_ ئاينىڭ 8_ كۈنى، قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەن، كەلكۈن ئۆي، زىرائەتلەرنى كۆپ ئېقىتىپ كەتكەن.

7_ ئاينىڭ 20_ كۈنى، كونىشەھەر ناھىيە خەلقى كۆتچىنغا چىقىپ نامايىش قىلغان، ھاكىم تۇرسۇن ئېلى قاتارلىقلار ئوق چىقىرىپ باستۇرۇپ، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان.

7_ ئاينىڭ 24_ كۈنى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى تۇرسۇن ئېلىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىلىك شتابىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇقادىر ھەسسامىددىننى مۇۋەققەت ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن.

8_ ئاينىڭ 19_ كۈنى، جاۋشىڭگۇاڭ قەشقەردىن قاراشەھەرگە بېرىپ تاۋشىيۇ بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش پىلانىنى مەخپىي مەسلىھەتلەشكەن.

9_ ئاينىڭ 20_ كۈنى، يەكەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق بىرىگادىنىڭ تاڭ جىڭزېن قىسمىدىكى 7_ پولكنىڭ مۇئاۋىنى خوڭ يادوڭ قىسىملىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقان.

قۇربان ئىمىنلار تەھرىر بولدى.

## 1948 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 37 - يىلى)

1- ئايدا، ئەيسا ھاجى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

9- ئاينىڭ 3- كۈنى، قەشقەردە ئۇزۇن يوللۇق سىملىق تېلېفون يولى ئېچىلىپ، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەرلەرنى بىۋاسىتە ئالغىلى بولىدىغان بولدى. تېلېفون سىمىنىڭ قارشىلىقى كىچىك بولغاچقا، سۆزلىشىش تولىمۇ قىيىن بولاتتى.

شۇ يىلى، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ كونا قۇمدەرۋازا يولىنى كېڭەيتكەندىكتىن، ھېيتگاھ جامەنىڭ جەنۇبىي تېمى تېشىدىكى 40 ئېغىز دۇكان چېقىۋېتىلگەن.

## 1949 - يىلى (جۇمھۇرىيەتنىڭ 38- يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان يىل)

1- ئايدا، قەشقەر كونىشەھەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ستاتىستىكا قىلىنغان: پاكىستانلىق 20 ئائىلە، 36 نوپۇس؛ ئافغانىستانلىق تۆت ئائىلە، ئالتە نوپۇس؛ ھىندىستانلىق ئون ئائىلە، 22 نوپۇس؛ سوۋېتلىك 146 ئائىلە، 597 نوپۇس چىققان.

4- ئاينىڭ بېشىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ كارنىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق 42- دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى جاۋشىگۇاڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىنجاڭ كارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋشىيۈ غەربىي بىنادا ئاچقان ھەر-

تېلېگرامما جاۋشىگۇاڭنىڭ كانتوندىكى ۋاڭ فاك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئالدى بىلەن موسكۋادىن شىنخۇاشى شۆبىسىگە ئەۋەتىلىپ ئاندىن بېيجىڭگە يوللىنىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدېلەرگە يەتكۈزۈلگەن.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ماچىڭشىيالىڭ، لونۇرىن، يى چىڭ 3 كىشى قەشقەرگە كەلگەن، 7 - كۈنى جاۋشىگۇاڭ ئادەم قوشۇپ ئۇچەيلەننى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىنى ھىندىستانغا كېتىشكە ئۇزىتىپ قويغان.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، گېنېرال جاۋشىگۇاڭ قەشقەردىكى ھەقىقەتكە قايتقان بارلىق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر-لەرنى باشلاپ ئالدىنئالا قەشقەرگە كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەسئۇلى ئىمىنوپ باشچىلىقىدىكى 13- دىۋىزىيىنىڭ بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى، قەشقەردىكى ھەقىقەتكە قايتقان يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەر كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازا سىرتىدىكى قوغان كەنتىدە سەپتە تۇرۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنى 2 - كورپۇسىنىڭ قەشقەر-گە كىرىشىنى قارشى ئالغان. 2 - كورپۇسنىڭ سىياسىي كو-مىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ، جۇنجاڭى گوپېڭ، مۇئاۋىن جۇنجاڭى دۇ نىشىگيۇن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار زوچى ھەمدە ئالدىن يۈرەر قوشۇن 4- دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى ياڭ شيۇسەن، سى-ياسىي كومىسسارى زىڭ گۇاڭمىن قاتارلىقلار قەشقەردىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر ساھەنىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تاۋ سىيۇ جاۋشىڭۋاڭغا مەخپىي تېلېگرامما بېرىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۆلكىچىلىرى ماچېڭشياڭ (ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى ئىدى)، لولۇرېن (179 - بىرىگادىنىڭ باشلىقى ئىدى) ۋە يى چىڭلار ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھەقىقەتكە قايتىشتەك چوڭ ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن جاۋ شىڭۋاڭنىڭمۇ قويۇۋېتىشىنى ئۆتۈنىمەن، دېگەن.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تاۋسىيۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوچۇق تېلېگرامما تارقىتىپ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. قەشقەر، كونىشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 9 - بىرىگادىنىڭ بىر لىيەنى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قاچقان. بىرىگادا باشلىقى ماپىڭلىن ئوفىتسېر جاڭ شياۋنى ئەسكەر باشلاپ قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەندە ھەممىنى تۇتۇپ تۈرمىگە قامىغان.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جاۋشىڭۋاڭ رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېنىڭ تاۋسىيۇنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىغا بەرگەن جاۋاب تېلېگراممىسىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال تېلېگرامما كۆپىيەسى تەييارلاپ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 مىليون ھەربىي ۋە خەلقنى باشلاپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەتىسى بېشەھەردە

قەشقەر، كۇنىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرگە كىرگەن. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2 - كورپۇسنىڭ كورپۇس شتابى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملىرى تۇرپاندىن يولغا چىقىپ 26 كۈن يول مېڭىپ، 2390 چاقىرىملىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. كوپىنىڭ، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى 2 - كورپۇس قەشقەر ھەربىي باشقۇرۇش ھەيئىتىنى قۇردى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئازادلىقتىن كېيىنكى قەشقەرنىڭ تۇنجى ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى.

(ئابدۇرىشىت ھاجى تەرجىمىسى)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدۇغېنى ھۆسەيىن

قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخي
ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى باستۇردى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
گېزىت-ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىن
كېنىشكە نومۇرى: 399

باھاسى: 3.19 يۈەن